گرىم چۆچەكلىرى 4

# دېھقان بىلەن ئالۋاستى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت



## گىرىم چۆچەكلىرى



# قىزىل بۆك

# پاقا شاھزادە

# كۆل قىز

# دېھقان بىلەن ئالۋاستى

ISBN 978-7-228-10967-8

9 787228 109678 >

定价：6.00元



گىرىم چۆچەكلىرى



# دېھقان بىلەن ئالۋاستى

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

格林童话选. 4：维吾尔文/（德）格林（Grimm,J.），（德）格林（Grimm,W.）著；帕提古丽·米吉提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.5
ISBN 978—7—228—10967—8

Ⅰ.格… Ⅱ.①格… ②格… ③帕… Ⅲ.童话—作品集—德国—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I516.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 069628 号

| | |
|---|---|
| 著　　者 | (德)格林兄弟 |
| 译　　者 | 帕提古丽·米吉提 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·纳格买提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 3.375 |
| 版　　次 | 2007 年 5 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—9000 册 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-228-10967-8 |
| 定　　价 | 6.00 元 |

如有印装错误，请与维文编辑部发行科联系。

بۇ كىتاب ئۆسمۈر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据少年儿童出版社 1985 年 8 月第 1 版，1986 年 12 月第 2 次印刷本翻译出版。

# دېھقان بىلەن ئالۋاستى

**ئاپتورى:** ي .گرىم، ۋ .گرىم (گېرمانىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلشەھەر نىغمەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991—2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 3.375
**نەشرى:** 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىرازى:** 5001——9000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 — 7 — 228 — 10967 — 8
**باھاسى:** 6.00 يۈەن

تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تارقىتىش ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

# مۇندەرىجە


تۈلكە بىلەن مۈشۈك .................... 1

پادىچى بالا .......................... 3

ئاق قىز بىلەن هال قىز .................. 6

هۆرۈن هانس .......................... 21

قۇدۇق بېشىدىكى غاز باققۇچى قىز ........... 27

دېهقان بىلەن ئالۋاستى .................. 48

ئەزرائىل ............................ 51

غاز باققۇچى قىز ...................... 59

بېلىقچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ................ 74

ياۋا توشقان بىلەن كىرپە ................. 95

# تۈلكە بىلەن مۈشۈك

بىر كۈنى مۈشۈك بىلەن تۈلكە ئورماندا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مۈشۈك تۈلكىنى ئەقىللىق، ئىش كۆرگەن ھەم جەمئىيەتتە ئابرۇيى يۇقىرى دەپ بىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ تۈلكىدىن ھۆرمەت بىلەن ئەھۋال سوراپتۇ:

— قانداق ئەھۋالىڭىز، تۈلكە ئەپەندى؟ يېقىندىن بۇيانقى سىرىقتال مەزگىلدىن قانداقراق ئۆتتىڭىز؟

ئۆزىنى بىلمەيدىغان ھاكاۋۇر تۈلكە گەپ قىلامدۇ، قىلمامدۇ دېگەندەك قىلىپ مۈشۈكنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپتۇ. ئاخىر ئۇ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بىچارە ساتىراش، ئالچىپار گومۇش، چاشقان تۇتۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاچ مۈشۈك، نېمە ۋاتىلدايسەن، ھالىڭغا باقماي مەندىن ئەھۋال سوراپ كېتىپسەنغۇ، سەن نېمىنى بىلىسەن؟ زادى نېمە ھۈنىرىڭ بار؟

— مېنىڭ پەقەت بىرلا ھۈنىرىم بار، — دەپتۇ مۈشۈك كەمتەرلىك بىلەن.

— ئۇ قانداق ھۈنەر؟

— ناۋادا بىرەر ئىت قوغلاپ كەلگۈدەك بولسا، دەرھال دەرەخكە چىقىۋېلىپ جېنىمنى ساقلاپ قالىمەن.

— ئاران شۇلىمۇ؟ — دەپ زاڭلىق قىپتۇ تۈلكە، — مېنىڭ يۈز خىلچە ھۈنىرىم بار. ئۇنىڭدىن باشقا پەم - پاراسىتىممۇ يېتەرلىك. ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. يۈر، بىز نېڭكىگە بار، مەن ساڭا ئىتتىن قۇتۇلۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ قوياي.

دەل شۇ چاغدا تايغاندىن تۆتنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋچى كېلىپ قاپتۇ. مۈشۈك دەرەخكە چاققانلىق بىلەن يامىشىپ چىقىپ شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋاپتۇ.

— پەم - پاراسىتىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ، تۈلكە ئەپەن-دى، چاققان بولۇڭ! — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ.

تۈلكە ئۆزىنى يوقىتىپ نېمە قىلارنى بىلمەي قاپتۇ. ئىتلار ھاۋشىغان پېتى كېلىپ تۈلكىنى باسماقدىۋاپتۇ.

— ھەي، ئىست، تۈلكە ئەپەندى، — دەپتۇ مۈ-شۈك، — يۈز خىل ھۈنىرىڭىز تۇرۇپ، بىرىنىمۇ ئىشقا سالالمىدىڭىز، ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا ئوخشاش دەرەخكە يامى-شىپ چىقالىغان بولسىڭىزمۇ ئامان قالار ئىدىڭىز.



## پادىچى بالا

بۇرۇنقى زاماندا ئەقىللىق بىر پادىچى بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەرقانداق قىيىن سوئالغىمۇ توغرا جاۋاب بېرەلەيدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ نامى پۈتۈن يەرگە پۇر كېتىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ كىچىككىنە بالىنىڭ شۇنچە ئەقىل-

لىقلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ ۋە ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مەن سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن. ھەممىسىگە توغرا جاۋاب بەرسەڭ، مەن سېنى بېقىۋالىمەن، ئوردىدا مەن بىلەن بىللە تۇرىسەن.

— قېنى، سوئاللىرىنى سورىسىلا، — دەپتۇ بالا.

— بىرىنچى سوئالىم، — دېتۇ پادىشاھ، — دېڭىزدا قانچە تامچە سۇ بار؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خالايىققا بارلىق دەريالارنى توسۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرسىلە. مەن دېڭىز سۈيىنىڭ زادى قانچە تامچە ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن بىر تامچە سۇمۇ دېڭىزغا قويۇلمىسۇن. مانا شۇ چاغدىلا مەن دېڭىزدا زادى قانچە تامچە سۇ بارلىقىنى سىلىگە خاتاسىز ئېيتىپ بېرەلەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— يەنە بىر سوئالىم، — دېتۇ پادىشاھ، — ئاسماندا قانچە يۇلتۇز بار؟

— بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ماڭا بىر تاختا ئاق قەغەز ۋە بىر قەلەم كېرەك، — دەپتۇ بالا.

قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرۈلۈپتۇ. بالا قەلەمنى ئېلىپ ئاق قەغەزگە توكۇلدىتىپ چېكىت ئۇرۇۋېرىپتۇ، قەغەز توشۇپتۇ،

چېكىتىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، بېشى قايىدىكەن.

— مانا، — دەپتۇ بالا، — ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى مۇشۇ قەغەزدىكى چېكىتلەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش. ئۆزۈڭلار سانىۋېلىڭلار.

بىراق ئۇ چېكىتلەرنى ھېچكىممۇ سانىيالماپتۇ.

— ئۈچىنچى سوئالىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەبەدىيلىكتە جەمئىي نەچچە سېكۇنت بولىدۇ؟

— پامىر ئۆلكىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئالماس تاغ بار، — دەپتۇ بالا، — ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بىر سائەتلىك، كەڭلىكى بىر سائەتلىك يول؛ كەسمىسىمۇ بىر سائەتلىك يول. بىر قۇش ھەر يۈز يىلدا بىر قېتىم كېلىپ بۇ تاغنىڭ چوققىسىغا تۇمشۇقىنى سۈركەيدۇ. تۇمشۇقىنى سۈركەپ بۇ تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەندە، ئەبەدىيلىكنىڭ تۇنجى سېكۇنتى تۈگەيدۇ.

— سەن سورىغان سوئاللىرىمغا خۇددى دانىشمەنلەردەك توغرا جاۋاب بەردىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەمدى مۇشۇ ئوردىدا تۇرۇپ قال، مەن ساڭا ئۆز ئوغلۇم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىمەن.

# ئاق قىز بىلەن ھال قىز

بۇرۇنقى زاماندا نامرات بىر تۇل خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەسكى كەپىدە ياشايدىكەن. كەپىنىڭ ئالدىدا كىچىك بىر گۈللۈك بار ئىكەن. گۈللۈككە بىرى ئاق، بىرى ھال رەڭ ئېچىلىدىغان ئىككى تۈپ ئەتىرگۈل تىكىلگەنىكەن. تۇل خوتۇننىڭ مۇشۇ ئىككى تۈپ ئەتىرگۈلگە ئوپئوخشاش ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئانىسى ئۇلارنى ئاق قىز بىلەن ھال قىز، دەپ ئاتايدىكەن. ئىككى قىز شۇنچىلىك ئوماق، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ۋە تىرىشچان ئىكەنكى، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق قىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ئاق قىز ھال قىزغا قارىغاندا تېخىمۇ كەم سۆز ۋە مۇلايىم ئىكەن. ھال قىز چىملىقلاردا، ئېتىزلىقلاردا قىيغىتىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ھېلى گۈل تېرىپ، ھېلى كېپىنەك تۇتۇپ زادى تىنمايدىكەن. ئاق قىز ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئانىسىغا ياردەملىشىدىكەن، قىلغۇدەك ئىش بولمىسا ئانىسىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىدىكەن. ئاچا - سىڭىللار بىر - بىرىگە بەكمۇ ئېجىل - ئىناق ئىكەن، تالا - تۈزگە چىققانلاردا بىر - بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭىدىكەن، زادى ئايرىلمايدىكەن.

ئاق قىز:

— بىز بىر - بىرىمىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمىز، — دېسە، ھال قىز:

— بىز بىر - بىرىمىزدىن ئۆلگۈچە ئايرىلمايمىز، — دەيدىكەن.

— ئىككىڭلار تاپقىنىڭلارنى تەڭ بۆلۈشۈۋېلىڭلار، — دەيدىكەن ئۇلارنىڭ ئانىسىمۇ.

ئىككى قىز دائىم دېگۈدەك ئورماندا قوغلىشىپ ئوينايدىكەن. قىپقىزىل بۆلجۈرگەنلەرنى تېرىدىكەن. ياۋايى ھايۋانلار قىزلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇلارغا ئەركىلەيدىكەن. بۆجەنلەر ئۇلارنىڭ قولىدىن كاپۇستا يوپۇرماقلىرىنى يەيدىكەن، بۇغىجانلار ئۇلارنىڭ يېنىدا ئوتلايدىكەن، قۇشلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى شاخلارغا قونۇپ ئۆزلىرى بىلىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ ھارمايدىكەن. قىسقىسى، قىزلار ئۇنداق ياكى مۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىمايدىكەن. ئۇلار بەزىدە ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەننى تۇيماي قالغان چاغلاردا، مۇخلارنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ تاڭ ئاتقۇزىدىكەن. ئانىسىمۇ قىزلىرىنىڭ مىجەزىنى بىلىدىكەن. شۇڭا، بۇنداق چاغلاردا ھەرگىز ئەنسىرىمەيدىكەن.

ئاق قىز بىلەن ھال قىز ئەسكى كەپىنى يىغىشتۇرۇپ تازىلاپ شۇنداق پاكىز قىلىۋېتىدىكەنكى، ئىچىگە كىرگەن ئادەمنىڭ دىلى يورۇپ كېتىدىكەن. ياز كۈنلىرى ئۆي ئىشلىرىنى ھال قىز ئۈستىگە ئالىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ



سەھەردە ئورنىدىن تۇرىدىكەن ۋە ئۇخلاپ ياتقان ئانىسىنىڭ بېشىغا ئاق ۋە ھال ئەتىرگۈللەر قوشۇلغان بىر دەستە گۈل قويۇپ قويىدىكەن. ئاق قىز قىش كۈنى ئوچاققا ئوت قالاي-دىكەن. ئۇ مىس قازاننى سۈرتۈپ، پارقىرىتىپ ئوچاققا ئا-سىدىكەن. بىلمىگەن كىشى بۇ مىس قازاننىڭ پارقىراقلىقى-غا قاراپ ئالتۇنمىكىن دەپ قالىدىكەن. ئاخشاملىرى قار ئۇچقۇنداۋاتقان چاغلاردا ئانىسى ئۇنىڭغا:

— ئاق قىز، چاپسان بېرىپ ئىشىكنى تاقا، — دەپ بۇيرۇيدىكەن.

ئاندىن ئۇلار ئوچاقنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ ئولتۇرىدىكەن.

ئانىسى كۆزەينىكىنى تاقاپ قىزلىرىغا كىتاب ئوقۇپ بېرە-
دىكەن، قىزلىرى ئانىسىنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا قۇلاق سال-
غاچ يىپ ئېگىرىدىكەن، پاقلىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ يا-
تىدىكەن، كەپتىرى بېشىنى قانات - قۇيرۇقلىرىنىڭ ئىچىگە
تىققىنىچە، ئوچاق بېشىغا قېقىلغان ياغاچقا قونۇپ ئول-
تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ئاشۇنداق ئارامخۇدا ئولتۇرغان چاغدا ئىشىك قاتتىق چېكىلىپتۇ.

— هال قىز، بېرىپ ئىشىكنى ئاچقىنا. ئۇ بەلكىم قونالغۇ تاپالمىغان بىرەر يولۇچىدۇر، — دەپتۇ ئانىسى.

هال قىز ئۇ ھەرقاچان بىر بىچارە نامراتتۇر، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئىشىكنى شۇنداق ئېچىشىغا قاپقارا بىر ئېيىق ئۇسۇپلا كىرىپ كەپتۇ. هال قىز چىرقىرىغىنىچە يوشۇرۇ-
نۇپتۇ، ئېيىقتىن قورقۇپ، پاقلان مەرەپتۇ، كەپتەر پالاقشىپ كېتىپتۇ. ئاق قىز دەرھال ئانىسىنىڭ كارىۋىتىنىڭ كەينى-
گە ئۆتۈۋاپتۇ.

توساتتىن ھېلىقى ئېيىق زۇۋانغا كەپتۇ:

— قورقماڭلار، مەن سىلەرنى ھېچنېمە قىلمايمەن، بەك توڭلاپ كېتىپ ئۆيۈڭلارغا ئوتىسنغىلى كىردىم.

— ۋاي بىچارە ئېيىق، — دەپتۇ قىزلارنىڭ ئانىسى، — ئوچاقنىڭ ئالدىدا يېتىپ ئىسسىنىۋال، بىراق تۈكۈڭنى كۆيدۈرۈۋالما جۇمۇ، — ئاندىن ئۇ قىزلارنى چاقىرىپتۇ، — ئاق قىز، هال قىز، بۇياققا چىقىڭلار. ئېيىق سىلەرنى ھېچ-



نېمە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ قىلچە يامان نىيىتى يوق.

ئاق قىز بىلەن ھال قىز ئاستا مېڭىپ چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن پاقلان بىلەن كەپتەرمۇ چىقىپ ئېيىققا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلار ئەمدى ئېيىقتىن قورقماپتۇ.

— قىزلار، بەدىنىمدىكى قارنى قېقىۋېتىڭلار، — دەپتۇ ئېيىق.

قىزلار سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئېيىقنىڭ بەدىنىدىكى قارنى سۈپۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئېيىق رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق بىلەن پۇشۇلداپ يېتىپ بېرىپتۇ. ھايال ئۆتمەي ئۇلار بۇ كېلەڭسىز مەخلۇققا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار ئېيىقنىڭ تۈكىنى تارتىپتۇ، دۈمبىسىگە دەسسەپتۇ. بۇ قىلىقلاردىن زېرىككەن چاغدا قوللىرىغا تاياق ئېلىپ ئېيىقنى ئۇرۇپ ئويناپتۇ. ئېيىق تاياققا چىدىماي

پوشولداپ كەتسە، ئۇلار خوشلۇقتىن قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ئې-
يىقمۇ قىزلارنىڭ بۇ قىيناشلىرىغا كۆنۈك ئىكەن. قىزلار
ئۇنى ھەددىدىن زىيادە قىينىۋەتكەن چاغدىلا ئۇ: «قىزلار،
مېنى كۈن كۆرگىلى قويۇڭلار» دەپ توۋلايدىكەن ۋە مۇنداق
دەپ بېيىت ئوقۇيدىكەن:

ئاق قىز، ھال قىز، مەن كەلمىدىم
تاياق يېگىلى.
بەلكى كەلدىم لايىق ئىزدەپ،
بىلىڭلار بۇنى.

ئوخلايدىغان ۋاقىت بوپتۇ. ھەممەيلەن كارىۋاتلىرىغا
چىقىپ ياتقاندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئانىسى ئېيىققا:
— ئوچاقنىڭ ئالدىدا يېتىپ ئۇخلىغىن، ئۇ يەردە ھەر-
گىز سوغۇق ۋە شىۋىرغان كۆرمەيسەن، — دەپتۇ.
تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئاق قىز بىلەن ھال قىز ئې-
يىقنى تالاغا قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ قار كەچكەن پېتى ئورمانغا
قاراپ يورۇپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئېيىق بۇ ئۆيگە
ھەر كۈنى كېلىپ ئوچاقنىڭ ئالدىدا ياتىدىغان، قىزلارمۇ
ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بوپتۇ. قىزلار
ئېيىق بىلەن شۇنچىلىك ئېچەكىشىپ كېتىپتۇكى، ئۇ كەل-
مىگۈچە ھەرگىز ئىشىكنى تاقىمايدىكەن.
باھار كەپتۇ، كائىنات ياپيېشىل تون كىيىپتۇ. بىر

كۈنى ئەتىگەنلىكى ئېيىق ئاق قىزغا:

— مەن ئەمدى بۇ يەرگە يازىچە كەلمەيمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ياخشى ئېيىق، بۇ يەرگە كەلمەي قەيەرگە بارىدـ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاق قىز.

— ئورمانغا بېرىپ گۆھەرلىرىمنى ساقلايمەن، — دەپـ تۇ ئېيىق، — بولمىسا ئۇلارنى قەبىھ پارپىلار ئوغرىلاپ كېتىدۇ. قىش كۈنى ھەممە يەر توڭلاپ كەتكەچكە، ئۇلار سىرتقا چىقالماي ئىلاجسىز يەر ئاستىدا سولىنىپ ئولتۇردـ دۇ. ئەمما، ھازىر قار ـ مۇزلار ئېرىپ، يەر ـ جاھان ئىسـ سىدى. ئەمدى ئۇلار كامارلارنى ئېچىپ يەر يۈزىگە چىقىدۇ ۋە كۆرۈنگەن نەرسىنى ئوغرىلايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپلا كەتكەن نەرسىنى تېپىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ئېيىقتىن ئايرىلىش ئاق قىزغا بەكمۇ تەسكە توختاپتۇ. ئۇ ئېيىققا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپتۇ. ئېيىق ئىشىكتىن قىستىلىپ چىققۇچە، ئۇنىڭ تېرىسىنى مىخ ئىلىۋېلىپ يىرـ تىۋېتىپتۇ. ئاق قىزنىڭ كۆزى ئۇنىڭ تېرىسى ئاستىدا پارـ قىراۋاتقان ئالتۇنلارغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇ بۇلارنىڭ ئالتۇن ئىكەنلىكىگە جەزم قىلالماپتۇ. ئېيىق ئالدىراش ـ تېنەش يۈگۈرۈپ، ئورمانغا كىرىپ غايىب بوپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئانىسى قىزلىرىنى ئورمانغا بېرىپ چاۋار تېرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار دالىدا كېتىۋېتىپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن چوڭ بىر دەرەخنى كۆرۈپتۇ. قارىسا دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا غەلىتە بىرـ

نېمە مىدىرلاپ يۈرگۈدەك. قىزلار ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي يېقىن بېرىپتۇ ۋە چىرايى يۇغۇچتەك قورۇلۇپ كەتكەن، ئۆزى مۇشتتەك، ساقىلى نوغۇچتەك بىر پارپىنىڭ دەرەخكە ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ ئۇچىنى دەرەخ قىسىۋالغانىكەن. بۇ پارپا خۇددى باغلاقتىكى ئىتتەك ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپمۇ ساقىلىنى تارتىپ چىقىرالماپتۇ. ئۇ قان قۇيۇلغاندەك قىپقىزىل كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قىزلارغا:

— كېلىپ ماڭا ياردەملەشمەي، نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ھەي قېرى پارپا، نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھال قىز ئۇنىڭدىن.

— ھەي كېلەڭسىز، سەت غاز، — دەپتۇ پارپا ئۇنىڭغا، — مەن ئوت قالاش ئۈچۈن بۇ دەرەختىن تارىشا چىقىراي دېگەنىدىم. چۈنكى، بىز يەيدىغان بىر ئوچۇم سەينى ئوتتۇن قالاپ قورۇساق كۆيۈپ كۆل بولۇپ كېتىدۇ. بىز سىلەرگە ئوخشاش ئۇنچە جىق نەرسە يېمەيمىز، بىز سىلەردەك ئاچ كۆز ئەمەس. مەن شىنانى بىر ئوبدان قېقىپ كىرگۈزگەنىدىم، بىراق بۇ نەس باسقان دەرەخ بەك سىلىق بولغاچقا، شىنا قاڭقىپ چىقىپ كەتتى، مىڭ تەستە يېرىلغان دەرەخ شېخى ئۇ قاردەك ئاق، چىرايلىق ساقىلىمنى قىسىۋالدى. مەن ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ ساقىلىمنى تارتىپ چىقىرالمىدىم، شۇڭا بۇ يەردىن كېتەلمەيۋاتىمەن. ۋۇي، سىلەر ھالىڭلارغا



باقماي زاڭلىق قىلىپ كۆلىسىلەرغۇ. تۇفى ! سىلەر نېمىدې-
گەن يىرگىنچلىك - ھە !

ئىككى قىز ئۇنىڭ ساقىلىنى تارتىپ چىقىرىش ئۇچۇن
خىلى ھەپىلىشىپتۇ، بىراق دەرەخنىڭ قىسىلچىقى پارپىنىڭ
ساقىلىنى بەك چىڭ قىسىۋالغاچقا، زادىلا تارتىپ چىقىرالماپتۇ.

— مەن ئادەملەرنى ياردەمگە چاقىرىپ كېلەي، — دەپتۇ
ھال قىز.

— ساراڭ قىزمۇ سەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ پارپا، —
شۇ تاپتا ئىككىڭمۇ ئوشۇقلۇق قىلىۋاتقان يەردە، يەنە ئادەم
چاقىرىمەن دەيسىنا. ئۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق بىرەر ئامال
تېپىشالماسەن؟

— خاپا بولماڭ، ئامال تېپىلدى، — ئاق قىز شۇنداق
دېگىنىچە يانچۇقىدىن كىچىك قايچىسىنى چىقىرىپتۇ - دە،
پارپىنىڭ ساقىلىنىڭ ئۇچىنى كېسىۋېتىپتۇ.

پارپا پالاكەتتىن قۇتۇلۇپتۇ ۋە ئالدىراپ - تېنەپ بېرىپ
شاخلارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان خالتىسىنى ئېلىۋاپتۇ.
خالتىنىڭ ئىچىدە لىپمۇلىق ئالتۇن بار ئىكەن. ئۇ خالتى-
سىنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋېتىپ غۇدۇراپتۇ:

— قولىدىن پوق كەلمەيدىغان كالۋا قىز، شۇنچە
چىرايلىق ساقىلىمنىڭ ئۇچىنى كېسىۋەتتى دېسە ! خەپ،
جاجاڭنى يەرسەن بىر كۈنى !

ئۇ شۇنداق غوتۇلدىغىنىچە خالتىسىنى يۈدۈپ، قىزلارغا

قاراپمۇ قويماي كېتىپ قاپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاق قىز بىلەن ھال قىز بې-لىق تۇتقىلى بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆستەڭگە يېقىن كەلگەن چاغدا، سۇغا ئېگىشىپ تۇرغان بىر نېمىنى كۆرۈپتۇ. يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا ئۇ پارپا ئىكەن.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ سۇغا سەكرىمەيدىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھال قىز.

— مەن ساراڭ ئەمەس، سۇغا سەكرەيدىغان، — دەپ چىرقىراپتۇ پارپا، — ماۋۇ ئۆلمىگۈر بېلىقنىڭ مېنى سۇغا سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

ئەسلىدە پارپا ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇۋات-قانىكەن. قىرىشقاندەك شامال ئۇنىڭ ساقىلىنى ئۇچۇرتۇپ قارماققا ئىلىندۇرۇپ قويۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يوغان بىر بېلىق قارماققا ئىلىنىپتۇ. مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان ئاجىز پارپا بېلىقنى تارتىپ چىقىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بېلىق ئۇنى تارتىپ كېتىپتۇ. ئۇ قىرغاقتىكى ئوت - چۆپلەرگە ئېسىلىپ بېقىپتۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئانچە پايدىسى بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىق قاياققا پىلتىڭلىسا پارپىمۇ شۇ ياققا سۆرىلىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بېلىق ئۇنى سۇغا سۆرەپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. دەل شۇ خەتەرلىك پەيتتە ئىككى قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ساقىلىنى قار-ماقتىن ئاجرىتىپ چىقارماقچى بولۇپ خېلى ئۇرۇنۇپ بې-

قىپتۇ، لېكىن ئامال بولماپتۇ. ساقال قارماققا ئىلىنىپ بەك چىگىشلىشىپ كەتكەچكە، پارپىنىڭ ساقىلىنى كەسمەكتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. شۇنداق قىلىپ پارپا يەنە ئازراق ساقىلىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ قىزلارنى يەنە تىللاپ كېتىپتۇ:

— ۋۇي، سەت چار پاقىغا ئوخشايدىغان نېمىلەر. خەقنىڭ ھۆسنىنى بۇزۇشتىن باشقا ئىش سەنلەرنىڭ قولىڭلاردىن كەلمەمدۇ؟ ساقىلىمنىڭ ئۇچىنى كېسىۋەتكەننى ئاز دەپ، ئۇنىڭ ئەڭ كۆركەم يېرىنىمۇ كېسىۋېتىشتىڭغۇ، مەن ئەمدى بۇرادەرلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارايمەن. ئىلاھىم، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چېغىڭلاردا ئايىغىڭلارنىڭ چەمى چۇشۇپ قالار! — ئۇ شۇنداق دەپلا بېرىپ قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىكى لىپمۇلىق مەرۋايىت بار خالتىسىنى ئۈشنىسىگە ئارتىپتۇ ـ دە، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بوپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى قىزلىرىنى بازارغا بېرىپ يىپ ـ يىڭنە، ئارغامچا ۋە خالتا ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بازارغا بارغۇچە قىزلار بىر قاقاسلىقتىن ئۆتىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك ئۆيدەك ـ ئۆيدەك قورام تاشلار چوقچىيىپ تۇرىدىكەن. توساتتىن ئاسماندا يوغان بىر قۇش پەيدا بوپتۇ. بۇ قۇش قىزلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ ئۇچۇپ بارغانسېرى تۆۋەنلەشكە باشلاپتۇ. ئاخىر بىر قورام تاشقا قونۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا قىزلارنىڭ قۇلىقىغا ئېچىد-

نىشلىق چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن قىزلار يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا، ھېلىقى قۇش ئۇلارنىڭ كونا تونۇشى — پارپىنى چاڭگاللاپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقۇدەك. رەھىمدىل قىزلار دەرھال بېرىپ پارپىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋاپتۇ ۋە بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، قۇشنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ. پارپا قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن يەنە بۇرۇنقى قېلىپىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ چىرقىراق ئاۋازى بىلەن قىزلارغا تاپا قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ماڭا سىلىقراق مۇئامىلە قىلىشساڭ بولمامدۇ؟ ئۇچامدىكى يۇقىقا كىيىممنى يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىشتىڭ. ھوي كارغا يارىماس دۆتلەر.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ لىپمۇلىق بىر خالتا ياقۇتنى ئۆشنىسىگە ئارتىپتۇ - دە، قورام تاشنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈككە كىرىپ غايىب بوپتۇ.

قىزلار ئۇنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان مىجەزىگە كۆنۈپ قالغانىكەن. ئۇلار بۇ ئىشنى ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەي يولىغا كېتىۋېرىپتۇ، بازارغا بېرىپ سودىلىقىنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇلار قايتىشىدا يەنە ھېلىقى قاقاسلىقتىن ئۆتۈپتۇ. قارىسا ھېلىقى پارپا ياقۇتلىرىنى تۈز ھەم پاكىز بىر يەرگە تۆكۈپ ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرغۇدەك. ياقۇتلار كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى قاماش-

تۇرىدىغان نۇرلارنى چېچىپ تۇرغۇدەك. قىزلار بۇنى كۆرۈپ ياقۇتلارغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ. پارپا كەچ كىرگەندە قاقاسلىقتىن ئادەمزاتنىڭ ئۆتۈشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن. شۇڭا، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ، قىزلارغا قوپاللىق بىلەن ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— نېمىشقا بۇيەرگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟!

پارپىنىڭ قاتتىق غەزىپى كەپتۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كۆل رەڭ چىرايى كۆكىرىپ تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ قىزلارنى يوقىتىۋەتكىدەك تىللىغۇدەك ئۇچۇن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا، دەھشەتلىك ھۆركىرەش بىلەن تەڭ، ئورماندىن بىر قارا ئېيىق چىقىپ كەپتۇ. پارپا قورقىنىدىن بەدەر قېچىپتۇ، ئەمما ئۇ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا بارغۇچە ئېيىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېيىققا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— سۆيۈملۈك ئېيىقجان، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن. جىمى ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىم سېنىڭ بولسۇن، مېنى يەپ نېمە پايدا تاپارسەن؟ مەندەك ئورۇق ھەم ۋىجىك پارپا چىشىڭنىڭ كاۋىكىدىلا قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئاۋۇ ئەسكى قىزلارنى يېسەڭ ياخشى ئەمەسمۇ. ئۇلار خۇددى بۆدۈنىگە ئوخشاش سېمىز ھەم يۇمران.

ئېيىق پارپىنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماي، بىرلا

دەسسەپ ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپتۇ.

قىزلار قورقۇپ بەدەر قېچىپتۇ.

— ئاق قىز، هال قىز، قورقماڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئېيىق ئۇلارنىڭ كەينىدىن، — توختاڭلار، مەن سىلەر بىلەن بىللە ئۆيۈڭلارغا بارىمەن.

قىزلار ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ توختاپتۇ. ئېيىق ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرلا سىلكىنىپتىكەن، ئۇستىدىكى ئېيىق تېرىسى سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. قىزلارنىڭ ئالدىدا ئالتۇندىن لىباس كىيگەن بەرنا يىگىت پەيدا بوپتۇ.

— ئەسلىي مەن بىر شاهزادە، — دەپتۇ ئۇ قىزلارغا، — مېنى مۇشۇ قەبىھ پارپا ئېيىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنلا، مەن ئۇنىڭ جادۇسىدىن قۇتۇلۇپ ئەسلىمگە كەلدىم. ئاخىر ئۇ تېگىشلىك جاجىسىنى يېدى.

ئاق قىز شاهزادە بىلەن، هال قىز ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن توي قىپتۇ. ئۇلار پارپىنىڭ ئۆڭكۈردىكى نۇرغۇنلىغان بايلىقىنى تەڭ بۆلۈشۈۋاپتۇ. ئانا قىزلىرىنىڭ دۆلىتىدە راهەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇ بۇرۇنقى ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىكى ئىككى تۈپ ئەتىرگۈلنى يېڭى ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ ئىككى تۈپ ئەتىرگۈل هەر يىلى ئاق ۋە هال رەڭدە هۆپپىدە ئېچىلىپتۇ.

# ھورۇن ھانس

ھانس بەكمۇ ھورۇن ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۆچكىسىنى دالىغا ئاپىرىپ باققاندىن باشقا، ھېچقانداق ئىش قىلمايدىكەن. مۇشۇنچىلىك ئىشمۇ ئۇنىڭغا جاپا تۇيۇلىدىكەن. ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇ:

«نېمىدېگەن جاپالىق ئىش بۇ. بىر ئۆچكىنى ھەر يىلى ئەتىيازدىن تارتىپ كەچ كۈزگىچە ئوتلاققا ھەر كۈنى ئاپىرىپ باقمەن. بىردەم - يېرىمدەم يېتىپ ئۇخلىغىلى بولسىمۇ كاشكى! ئۆچكەم جىرىملارنى غاجاپ قويمىسۇن، خەقلەرنىڭ قاشاسىدىن ئۆمىلەپ كىرىپ گۈللۈكنى ۋەيران قىلىۋەتمىسۇن ياكى بولمىسا قېچىپ كەتمىسۇن، دەپ ئەتىدىن كەچكىچە چېكەتكىدەك چەكچىيىپ ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. ئادەم قانداق قىلسا بەخىرامان، خۇشال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەنتاڭ!» دەپ دائىم قاقشايدىكەن.

ھانس بۇ جاپادىن قۇتۇلۇش ھەققىدە ھەمىشە باش قاتۇرىدىكەن، ئەمما بىرەر ياخشى چارە تاپالماي ئاۋارە ئىكەن. ئويلا - ئويلا، ئاخىر ئۇنىڭ يادىغا ئەپچىل بىر چارە كەپتۇ.

«ھەببەللى، ئەمدى ئامال تاپتىم، — دەپ خۇشاللىقتىن توۋلاپ كېتىپتۇ ھانس، — مەن تىرىنا سېمىز بىلەن توي



قىلاي. ئۇنىڭمۇ بىر ئۆچكىسى بار، ئۇ ئۆزىنىڭكىگە قوشۇپ مېنىڭ ئۆچكەمنىمۇ باقسۇن، مەنمۇ بۇ جاپالاردىن قۇتۇلاي.»

هانس ياتقان يېرىدىن تۇرۇپتۇ، ئاندىن پۇتلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن سۆرىگىنىچە كوچىدىن ئۆتۈپ، تىرىنا سېمىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. هانس تىرىنا سېمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشچان هەم ئەخلاقلىق قىزىغا لايىق بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. تىرىنانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئانچە تارتىشىپ ئولتۇرمايلا قىزىنى هانسقا بېرىپتۇ. تىرىنا سېمىز هانسقا خوتۇن بولغاندىن كېيىن ئىككى ئۆچكىنى تالاغا ئاچىقىپ ئوتلىتىدىغان بوپتۇ. هانس هېچ نەرسىدىن غەم يېمەي راهەتتە ياشاپتۇ. هەتتا تالاغا چى-

قىپ ئايلىنىپ كېلىشتىنمۇ ئېرىنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

«تالاغا چىقىپ ئايلىنىشنىڭ نېمە پايدىسى، — دەيدىكەن ئۇ، — يەنىلا يېتىپ ئارام ئالغان راھەت.»

تىرىنا سېمىزمۇ ھورۇنلۇقتا ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىكەن.

— بىز ئۆزىمىزنى نېمىشقا بىكاردىن - بىكار جاپاغا سالىمىز؟ — دەپتۇ ئۇ ئېرىگە، — ئىككى ئۆچكە ھەر كۈنى مەرەپ ئارامىمىزنى قويمايدىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنى قوشنىمىزنىڭ بىر ساندۇق ھەسەل ھەرىسىگە تېگىشىۋەتسەك بولمامدۇ؟ ھەسەل ھەرىسى قاچىلانغان ساندۇقنى ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى كۈن چۈشىدىغان يەرگە قويۇپلا قويساق ئىش پۈتىدۇ. ھەرىلەرنى بېقىشنىڭ، ساقلاشنىڭ، ئاچىقىپ ئوتلىتىپ كېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇپ چىقىپ گۈل شىرىنىلىرىنى يىغىدۇ - دە، يەنە ئۆزلىرى قايتىپ كېلىۋېرىدۇ. بىز قولىمىزنىمۇ ئەگمەي ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇۋېرىمىز.

— قالتىس ئەقىللىق خوتۇن - دە سەن، — دەپتۇ ھانس، — بوپتۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەلنىڭ قۇۋۋىتى ئۆچكە سۈتىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى، يەنە كېلىپ ئۇنى ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ قوشنىسى ئىككى ئۆچكىنى بىر ساندۇق ھەسەل ھەرىسىگە جان دەپ تېگىشىۋاپتۇ. ھەسەل ھەرىلىرى ئەتىدىن كەچكىچە تىنماي غوڭۇلداپ ئۇچۇپ، ساندۇقنى خۇش پۇراق ھەسەلگە توشقۇزۇپتۇ. كۈزلۈكى ھانس ۋە ئۇنىڭ



خوتۇنى لىپمۇلىق بىر كومزەك ھەسەلگە ئىگە بوپتۇ.

ئۇلار ھۇجرا ئۆيگە تاختىۋىشى ياساپ، ھەسەل قاچىلانغان كومزەكنى شۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. ھەسەلنى خەقلەرنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ياكى چاشقان تېگىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئورمان ياغىچىدىن بىر كالتەك تەييارلاپتۇ ۋە ئۇنى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا قويۇۋاپتۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار ئۆيگە كىرگەن ئوغرى ياكى چاشقاننى ئورنىدىن قوپۇپ يۈرمەيلا قوغلاپ چىقىرالايدىكەن.

ھانس كۈن چۈش بولمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمايدىكەن. «كىمكى سەھەر تۇرسا شۇنىڭ ئاش - نېنىغا زىيان، بۇ

قاراپ تۇرۇپ بايلىقنى سورۇغانلىق» دەيدىكەن ئۇ.
بىر كۈنى كېچىگە ئىلاندىن بولسىمۇ ھانس ماموق يوتقاندىن قوپماي يېتىۋېرىپتۇ. چۈنكى، ئۇ جىق ئۇخلاپ ھېرىپ كەتكەچكە، ئارام ئېلىۋالمىسا بولمايدىكەن. ئۇ يېتىپ تۇرۇپ خوتۇنىغا دەپتۇ:
— ئايال كىشى تاتلىققا ئامراق كېلىدۇ. سەن ھە دېسە ھەسەلنى ئوغرىلاپ يەۋالىسەن. ئەڭ ياخشىسى، بىز ئۇنى بىر چوڭ غاز بىلەن بىر كىچىك غازغا تېگىشەيلى.
— ئالدىراپ تېگىشىپ نېمە قىلىمىز، — دەپتۇ ترىنا سېمىز، — غاز بېقىش ئۈچۈن ئاۋۋال بالىلىق بولساق بولىدۇ. بولمىسا غازلارنىڭ دەردىنى مەنلا تارتارمەن.
— كىچىك بالىنى غاز باقالايدۇ، دەپ يۈرەمسەن تې-خى، — دەپتۇ ھانس، — بۇ زاماننىڭ بالىلىرى گەپ ئاڭ-لىمايدۇ، بىلگىنىنى قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى ئاتا - ئانىسىدىن ئەقىللىق چاغلايدۇ.
— گېپىمنى ئاڭلىمايدىكەن، مەندىن ياخشىلىق كۆر-مەيدۇ. مەن ئۇنى بەدەنلىرى تىتىلىپ كەتكۈچە كالتەكلەي-مەن. ماڭا قارا، ھانس، مانا مۇشۇنداق ئۇرىمەن، — ترىنا شۇنداق دېگىنىچە بېشىغا قويۇۋالغان كالتەكنى ئېلىپ ئې-گىز كۆتۈرۈپتۇ. كۆتىمگەن يەردىن كالتەك تاختىۋېشىدىكى كومزەككە تېگىپ ئۆرۈۋېتىپتۇ. كومزەك سۇنۇپ نەچچە پارە بوپتۇ، ھەسەلمۇ يەرگە ئېقىپ كېتىپتۇ.
— خوپ بولدى، چوڭ غاز بىلەن كىچىك غاز سۇغا

چىلاشتى. ئۇلارغا قارايمىز دەپ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇق، كومزەكنىڭ بېشىمغا چۈشمىگىنى چوڭ ئامەت دېگىنە. پېشانىمىزنىڭ ئوڭلۇقىغا شۈكرى دېسەك بولىدۇ، — دەپتۇ هانس.

ئارقىدىنلا ئۇ ساپال پارچىلىرىدا قالغان هەسەلنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىچە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ:

— ۋاي خوتۇن، كەل، بىز ئېشىپ قالغان ماۋۇ هەسەلنى يەۋېتەيلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بۈگۈن قورقۇپ كەتتۇق، شۇڭا سەل دېمىمىزنى ئېلىۋالمىساق بولمايدۇ. كۈندىكىدىن ۋاقچىرەك قوپساق بىزگە نېمە زىيىنى، كۈن تېخى ئۇزۇن تۇرسا.

— راست دەيسىز، — دەپتۇ خوتۇنى، — هەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ. مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ بىرى قۇلۇلىنى تويغا تەكلىپ قىپتۇ، ئۇ ئالدىرىماي مېڭىپ توي ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، دەل ئۇلارنىڭ بالىسىنىڭ بۆشۈك تويى بولۇۋاتقانىكەن، قۇلۇلە ئۆيىگە كىرگۈچە قاشادىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە كايىپ: «مانا، ئالدىرىغاننىڭ پايدىسى» دەپتۇ.

# قۇدۇق بېشىدىكى غاز باققۇچى قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر موماي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر توپ غازلىرى بىللە تاغنىڭ كەينىدىكى تۈزلەڭدە ياشايدىكەن. موماي كەپىدە تۇرىدىكەن. بۇ پىنھان جاينىڭ ئەتراپى قويۇق ئورمان ئىكەن. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى موماي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ سەنتۈرۈلگەن پېتى قېلىن ئورمانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى مومايلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ ئىش قىلىدىكەن. غازلىرىغا چۆپ ئورۇيدىكەن، ياۋا مېۋە تېرىدىكەن. ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ بۇ نەرسىلەرنى يۈدۈپ ئۆيىگە قايتىدىكەن. بۇنى كۆرگەنلەر، موماي ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا مىدىجىلىپ قالمىغىيتتى، دەپ ئەنسىرەيدىكەن. ئەمما، موماي ئۆيىگە تىنچ - ئامان كېلىۋالىدىكەن. ئۇ ئۇچراشقان ئادەملەر بىلەن تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندا:

«ياخشىمۇسىز يۇرتلۇقۇم، بۈگۈن ئەجەب ياخشى كۈن بوپتۇ - ھە؟ سىلەر ئۆشنەمدىكى ئوت - چۆپكە قاراپ ھەيران قېلىۋاتىسىلەرغۇ دېيمەن؟ ھەربىر ئادەم ئۆز يۈكىنى ئۆزى كۆتۈرۈشى كېرەك - دە» دەيدىكەن.

كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىماي ئۆزلىرى-

نى ئەتەي چەتكە ئالىدىكەن. ناۋادا بىرەر كىشى بالىسىنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ مومايغا ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا بالىسىغا ئاستاغىنە:

«بۇ مومايدىن نېرىراق يۈر، بالام، ئۇ بەكمۇ ياۋۇز، يال- ماۋۇز» دەيدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كېلىشكەن بىر يىگىت ئورمان ئارىلاپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ قۇياش ئىللىق نۇرىنى ئورمانغا سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتقان، قۇشلار بەس - بەس بىلەن سايرىشىپ تۇرغان بىر چاغ ئىكەن. سالقىن شامال يوپۇر- ماقلارنى شىلدىرلىتىپ كىشىگە ئارامبەخش ئېتىدىكەن، يى- گىت بۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چۆپ ئورۇۋاتقان بىر موماي ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئوت - چۆپ بىلەن لىق تولغان خالتا تۇرۇپ- تۇ. سەل نېرىراقتا يەنە لىپمۇلىق ياۋا مېۋە قاچىلانغان ئىككى سېۋەت بار ئىكەن.

ـــ هەي موما، ـــ دەپ سوراپتۇ يىگىت، ـــ مۇشۇن- چىۋالا نەرسىنى قانداق كۆتۈرۈپ كېتىسىز؟

ـــ كۆتۈرمىسەم قانداق قىلىمەن، ئەپەندىم، ـــ دەپتۇ موماي، ـــ پۇلدارلارنىڭ بالىلىرى بۇنداق ئىشلارنى قىلمايـ دۇ. لېكىن، دېهقان خەق بىلىنى هەرگىز رۇسلىيالمايدۇ، ئۇنىڭ مۈكچەيگىنى مۈكچەيگەن. ماڭا ياردەملىشىشنى خالام- سەن، يىگىت، بۇ ئىش ساڭا هەرگىزمۇ قىيىن ئەمەس. چۈن- كى، سېنىڭ مۈرەڭ كۈچلۈك، پۇتۇڭ مەزمۇت. ئۇنىڭ ئۇس-

تىگە ئۆيۈممۇ ئانچە يىراق ئەمەس، ئەنە ئاۋۇ تاغنىڭ كەينىدى-
كى تۈزلەڭلىكتە. سەن ئۆيۈمگە بىر دەمدىلا يېتىپ بارىسەن.

يىگىتنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ:

— مېنىڭ دادام دېھقان ئەمەس، بەلكى گېرتسوگ. شۇنداقتىمۇ، مەن سىزنىڭ يۈكىڭىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشنى خالايمەن.

— ئۇنداق قىلساڭ سەندىن بەكمۇ مىننەتدار بولاتتىم. گەرچە بىر سائەت يول يۈرۈشۈڭگە توغرا كەلسىمۇ بۇنچىلىك مۇساپە سەن ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس. قېنى ئەمىسە، ئاۋۇ ئالما، نەشپۈتلەرنىمۇ كۆتۈرۈۋال.

يىگىت بىر سائەت يول ماڭىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سەل ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، موماي ئۇنى كەتكىلى قويماپتۇ. ئۇ ئوت - چۆپلىرىنى يىگىتنىڭ ئۈشنىسىگە ئارتىپ، ئىككى سېۋەتنى ئىككى بىلىكىگە ئېسىپ قويۇپ دەپتۇ:

— مانا ئەمەسمۇ، شۇنداق يەڭگىل دېسەم ئۇنىمايسەن.

— نەدىكىنى؟ تازىمۇ ئېغىر ئىكەنغۇ؟ ئېغىرلىقىدىن تاسلا قالدىم مىجىلىپ كەتكىلى، — دەپتۇ يىگىت قىينال-غىنىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — خالتىنىڭ ئىچىگە ئوت ئەمەس، تاش سېلىپ قويدىڭىزمۇ نېمە؟ ماۋۇ ئىككى سېۋەت-تىكى مېۋىلەرغۇ چويۇندەك بىلىنىپ كېتىپ بارىدۇ. شۇ تاپتا ھەتتا نەپەسمۇ ئالالمايۋاتىمەن.

يىگىت ئېغىر نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ قويماي دېسە،

موماي پەقەت ئۇنىماپتۇ، بۇنى ئاز دەپ تېخى يىگىتنى مەس-
خىرە قىپتۇ:
— توۋا قىلدىم، ياپياش يىگىت تۇرۇپ مەندەك بىر
موماي كۆتۈرەلىگەن نەرسىنىمۇ كۆتۈرەلمەيمەن دەۋاتىسەنغۇ.
ئاغزىڭدا گېپىڭلا بار، قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم
ئوخشىمامسەن؟ هەي نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسەن، پۇتۇڭنى
كۆتۈرۈپ تېز - تېز ماڭمامسەن. بولمىسا ئۆشنەڭدىكى يۈك-
نى هېچكىممۇ چۈشۈرۈپ قويمايدۇ.
يىگىت نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يولغا چۈشۈپتۇ. تۈز يەردە
ماڭغاندا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقى ئانچە بىلىنمەپتۇ. ئەم-
ما، تاغقا يامىشىپ چىققۇچىلىك يىگىتنىڭ ئون جېنىنىڭ
بىرى قالماپتۇ. يىگىت ئېگىز ئۆرلىگەنسېرى ئاياغ ئاستى-
دىكى تاشلار خۇددى جېنى باردەك دومىلايدىكەن، سەل دىققەت
قىلمىسىلا يىگىتنىڭ ئىشى چاتاق ئىكەن. ئۇ هېرىپ هالى-
دىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ، پۇتۇن بەدىنى تەردىن چىپ - چىپ
بولۇپ كېتىپتۇ.
— موما، پەقەت ماڭغۇچىلىكىم قالمىدى، كىچىككىنە
ئارام ئالايلىچۇ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ يىگىت.
— بۇ يەردە دەم ئېلىشقا بولمايدۇ. ئۆيگە بارغاندا دې-
مىڭنى بىراقلا ئالارسەن. قېنى، توختىماي مېڭىۋەر، بۇ
ئىشنىڭ ساڭا بىرەر خاسىيىتى تېگەمدۇ تېخى، — دەپ ئۇ-
نىماپتۇ موماي.
— موما، بەكلا هەددىڭىزدىن ئاشتىڭىز، — دەپتۇ يىگىت



ۋە يۈكلەرنى ئېرغىتىپ تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئۇ نەرسىلەر خۇددى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغاندەك، ھەرقانچە كۈچەپمۇ يەرگە چۈشۈرۈۋېتەلمەپتۇ.

موماي بۇنى كۆرۈپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— خاپا بولما، يىگىت، — دەپتۇ ئۇ، — يۈزۈڭ خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتتى، غەيرەت قىلغىن، يۈكنى ئۆيگىچە يۈدۈپ ئاپار. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن مەن ساڭا ھاراق پۇلى بېرىمەن.

يىگىتنىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟ ئۇ چىشىنى چىشلىگىنىچە مومايىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. مومايىنىڭ قەدىمى بارغانسېرى يەڭگىللەپتۇ. يىگىتنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىپتۇ. تۇساتتىن موماي بىر سەكرەپلا يىگىتنىڭ دۈمبىسىدىكى ئوت - چۆپنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. قارىماققا ئۇ تارىشىغا ئوخشاش ئورۇق كۆرۈنگىنى بىلەن خېلى سېمىز قىزلاردىنمۇ ئېغىر ئىكەن. يىگىتنىڭ تىزلىرى پۈكۈلۈپ پۇتلىرى تىترەشكە باشلاپتۇ. يىگىت بىر پەس تۇرۇۋالاي دېسە، موماي قولىدىكى چىۋىق بىلەن يىگىتنىڭ پاچىقىغا سالىدىكەن. ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ مومايىنىڭ ئۆيىگە مىڭ بىر جاپادا يېتىپ كەپتۇ. ئەگەر يەنە ئازراقلا ماڭىدىغان بولسا چوقۇم يىقىلىپ قالار ئىكەن. غازلار مومايىنى كۆرۈپ قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ، بويۇنلىرىنى سوزغىنىچە غاقىلدىشىپ يېتىپ كېلىشىپتۇ. يېشى خېلىغا

بىرىپ قالغان بىر ئايال قولىغا تاياق تۇتقىنىچە غازلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كەپتۇ. ئۇ ساغلام ۋە بەستلىك، ئەمما تولىمۇ بەتبەشىرە ئىكەن.

— ئانا، — دەپتۇ ئۇ مومايغا قاراپ، — سىز چىقىپ كەتكىلى خېلى ۋاقىت بولدى، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىدىمىغانسىز؟

— ۋاي ياق، ئاپئاق قىزىم، ھېچقانداق پېشكەللىككە ئۇچرىمىدىم. ئەكسىچە ماۋۇ سۆيۈملۈك يىگىت ماڭا نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى. تېخى مەن ھېرىپ قالسام مېنىمۇ يۈدۈۋالدى. خۇشال ـ خۇرام، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ماڭغاچقا، يول ئازابى قىلچە بىلىنمىدى.

موماي شۇنداق دەپلا يىگىتنىڭ دۈمبىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئاندىن يىگىتكە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋالغىن، ئىش ھەققىڭنى ئۇنتۇپ قالما. ھەققىڭنى تولۇقى بىلەن بېرىمەن، — ئاندىن ئۇ غاز باققۇچى قىزغا بۇرۇلۇپتۇ، — ئۆيگە كىرىپ كەت، ئوبدان قىزىم، ياش يىگىتنىڭ قېشىدا تۇرمىغىن. بۇ يىگىت ساڭا كۆيۈپ قېلىپ يۈرمىسۇن يەنە.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ غىدىقى كەپتۇ. ئۇ: «بۇ قىز ئۇتتۇز ياش ياشىرىپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ

قىزنى سالماسمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

موماي غازلىرىنى خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىپ قويۇپ، ھېلىقى قىزنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت ياۋا ئالمىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. جانغا راھەت سالقىن شامال غۇرقىراپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئەتراپ ياپيېشىل چىمەنلىك بولۇپ، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. چىمەنلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈپسۈزۈك سۇ قۇياش نۇرىدا پارقىرايدىكەن. مامۇقتەك ئاپئاق غازلار خالىسا ئوتلاپ، خالىسا سۇغا چۈشۈپ ئۈزۈپ ئوينايدىكەن.

«ئەجەب كۆڭۈللۈك جاي ئىكەن بۇ، — دەپتۇ يىگىت ئۆز - ئۆزىگە، — شۇغىنىسى بەكلا ھېرىپ كەتتىم، كۆزلىرىمۇ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، بىر پەس ئۇخلىۋالسام بولىدىغان ئوخشايدۇ.»

يىگىت ئانچە ئۇزۇن ئۇخلىمايلا، موماي كېلىپ ئۇنى ئويغىتىپتۇ:

— يىگىت، ئورنۇڭدىن تۇر، بۇ يەردە ئۇخلاپ يېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ. راست، مەن سېنى چارچىتىپ قويدۇم، لېكىن سەن ئۆلگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەسقۇ. ئەمدى ساڭا ھەق بېرىمەن. سەن پۇل - پۇچەك، مال - دۇنياغا توق، شۇڭا ساڭا باشقا نەرسە بېرەي دەيمەن، — ئۇ شۇنداق دېگەچ يىگىتنىڭ قولىغا بىر كىچىك قۇتىنى بېرىپتۇ، — بۇنى ئوبدان ساقلىغىن، ئۇ سېنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

قۇتا يېشىل قاشتېشىدا ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە ئاجايىپ نەقىشلەر ئويۇلغانىكەن.

يىگىت ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا يېگىمۋاشتىن كۆچ ـ قۇۋۋەت تولغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىدا ھارغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. ئۇ مومايىنىڭ تارتۇقىغا ھەشقاللا ئېيتىپتۇ ـ دە، ھېلىقى قىزغا قاراپمۇ قويماستىن يولغا راۋان بوپتۇ. خېلى يەرلەرگە بارغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا غازلارنىڭ خۇشال غاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ.

يىگىت چۆلدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈپ ئاخىر يولنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ شەھەردە ھېچكىمنى تونۇمايدىكەن. كىشىلەر ئۇنى باشلاپ شاھ ئوردىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. يىگىت ئوردىغا كىرىپ قارىسا، پادىشاھ بىلەن خانىش ئالتۇن كۇرسىدا گىدىيىپ ئولتۇرغۇدەك. يىگىت تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، يانچۇقىدىن قاشتېشى قۇتىسىنى ئېلىپ خانىشنىڭ ئايىغىغا قويۇپتۇ. خانىش ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇشنى ۋە قاشتېشى قۇتىسىنى ئۆزىگە سۇنۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. خانىش قۇتىنى قولىغا ئاپتۇ. ئۇ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ياساۋۇللار يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى يىگىتنى باغلاپ تۈرمىگە تاشلىماقچى بوپتۇ. شۇ ئەسنادا خانىش ھوشىغا كەپتۇ ـ دە، يىگىتنى قويۇپ بېرىشكە ئەمر قىلىپ، ئوردىدىكى ھەممە

ئادەمنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ يىگىت بىر-لەن يالغۇز سۆزلەشمەكچىكەن.

ئوردىدىكى ھەممە ئادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خانىش يىغا ئارىلاش گەپ باشلاپتۇ:

— ماڭا مال - دۇنيا، راھەت - پاراغەتنىڭ نېمە كېرىد-كى، ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى ئويغىنىشىم بىلەنلا، مېنى ئازاب ۋە دەرد - ئەلەم چىرمىۋالىدۇ. مېنىڭ ئۈچ قىزىم بار ئىدى. كەنجى قىزىم پەرىزاتتەك گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى قار-دەك ئاپئاق، مەڭزلىرى ئالمىدەك قىپقىزىل ئىدى، ئالتۇن-دەك چاچلىرى قۇياشقا ئوخشاش چاقنايتتى. ئۇ يىغلىسا ھەر تامچە يېشى مەرۋايىت بىلەن ياقۇتقا ئايلىناتتى. ئۇ ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى پادىشاھ ئۈچ ئاچا - سىڭىلنى ھوزۇرىغا چاقىردى. كەنجى قىزىم شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلگەن چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھاڭ - تاڭ قالدى، ئۇ-نىڭغا گويا ئۈپۈق يېرىپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قارىغاندەك قاراپ قېلىشتى. پادىشاھ قىزلىرىغا: «قىزلىرىم، بۇ دۇنيادى-كى رىزقىمنىڭ قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، شۇڭا بۈگۈن سىلەرنى مەن ئۆلگەندىن كېيىن مىراسنى قانداق بۆلۈشۈش ھەققىدە ئالدىمغا چاقىرتتىم، ماڭا ئۈچىلىڭلار ئامراق. لېكىن، قايسىڭلار مېنى بەكرەك ياخشى كۆرسەڭلار، شۇ ئەڭ ياخشى نەرسىگە ئىگە بولىدۇ» دېدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھقا ئامراقلىقىنى بىلدۈردى. «سىلەر ماڭا ئامراقلىقىڭلارنى بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىپ دەپ بېقىڭلار.

ماڭا قايسىڭلارنىڭ بەكرەك ئامراق ئىكەنلىكىڭنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالاي» دېدى پادىشاھ. «سىزنى خۇددى قەنت ـ ناۋاتتەك ياخشى كۆرىمەن» دېدى چوڭ قىزىم. «سىزنى خۇددى ئامراق كىيىمىمدەك ياخشى كۆرىمەن» دېدى ئوتتۇرانچى قىزىم. كەنجى قىزىم گەپ قىلماي جىم تۇرىۋەردى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «تاتلىق قىزىم، سەنچۇ؟ سەن مېنى قانداق ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورىدى. «سىزگە ئامراقلىقىمنى نېمىگە ئوخشىتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ــ دېدى كەنجى قىزىم، ــ سىزگە بولغان مېھرىمنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ.» لېكىن، پادىشاھ ئۇنى قىستاپ تۇرۇۋالدى. «ھەرقانچە ئېسىل تاماقمۇ تۇز بولمىسا تەملىك بولمايدۇ، ــ دېدى ئاخىر كەنجى قىز، ــ سىزنى خۇددى تۇزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمەن.» پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. «سەن مېنى تۇزنىڭ ئورنىدا كۆرسەڭ، مەنمۇ شۇ ئامراقلىقىڭغا تۇز ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىمەن» دېدى ئۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ دۆلەتنى ئىككى قىزىغا بۆلۈپ بەردى. كەنجى قىزىمىزنى بولسا، ئۈشنىسىگە بىر خالتا تۇزنى ئارتىپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ئىككى نۆكەرگە ھەيدىتىپ ئورمانغا پالاپ تاشلىدى. ھەممىمىز پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كۆپ يالۋۇردۇق، لېكىن ئۇ قىلچە رەھىم قىلمىدى. كەنجى قىزىمىز بىزدىن ئايرىلىدىغان چاغدا شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق يىغلىدىكى، تۆككەن ياشلىرى مەرۋايىتقا ئايلىنىپ يول بويى چېچىلىپ ماڭدى.

كېيىنچە، پادىشاھ قىزىغا بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئورمانغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەتتى، لېكىن ئۇ ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. ئۇنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتكەنمىدۇ، دەپ ئويلىساملا يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كېتەتتى. بەزىدە ئۆزۈمگە، بەلكى ئۇ ھاياتتۇر، بىرەر غارغا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىغاندۇر ياكى بىرەر ئاق كۆڭۈل ئادەم ئۇنى بېقىۋالغاندۇر، دەپ تەسەللى بېرەتتىم. لېكىن، سىز بەرگەن قۇتىنىڭ ئىچىدە قىزىمنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلىدىغان مەرۋايىتقا ئوپئوخشاش مەرۋايىتنى كۆرۈپ ھاياجاندىن ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالمىدىم. ئەمدى سىز ماڭا بۇ مەرۋايىتنى نەدىن ئالغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز.

يىگىت ئۇنىڭغا مەرۋايىتنى ئورماندىكى موماينىڭ بەرگەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ خۇددى جادۇگەردەك كۆرۈنگەنلىكىنى، مەلىكە توغرىسىدا بولسا ئاڭلاپمۇ باقمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش موماي بار يەرنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى، ئۇلار مەرۋايىت تېپىلغان يەردىن قىزىنىڭ ئۇچۇرىنى ئالالىشىغا ئىشىنىدىكەن.

گۇگۇم مەزگىلىدە موماي ئۆزىنىڭ پىنھان ماكانىدا چاق ئېگىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوچاقتىكى ئوت پىلىلداپ كۆيۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا بىردىنلا ئوتلاقتىن يانغان غازلارنىڭ غاقىلداشلىرى ئاڭلىنىپتۇ. موماينىڭ قىزى كەپىگە كىرىپ كەپتۇ. موماي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ. قىزى

موماينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ - دە، چاقنى ئېلىپ ياش قىزلاردەك تېز چۆرگىلىتىشكە باشلاپتۇ. ئانا - بالا خېلى ئۇزۇنغىچە لام - جىم دېيىشمەپتۇ. بىر چاغدا پالاق - پۇلۇق قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ دېرىزىدىن قىپقىزىل بىر جۈپ كۆز كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ھۇۋقۇش ئىكەن. ئۇ ئۈچ قېتىم ھۇۋلاپتۇ. موماي بېشىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ قىزىغا:

— ۋاقىت بىر يەرگە باردى، قىزىم. چىقىپ ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل، — دەپتۇ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ بۇ چاغدا زادى نەگە ماڭغاندۇ؟ قىز ئوتلاقنى كېسىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ماڭا - ماڭا بىر چاغدا جىلغىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا توختاپتۇ. قۇدۇق بېشىدا ئۈچ تۈپ قېرى كاۋچۇك دەرىخى بار ئىكەن. پۈتۈن ئەتراپ يىگنە چۈشۈپ كەتسىمۇ تېپىلغۇدەك دەرىجىدە يورۇق بولۇپ، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۆز نۇرىنى زېمىنغا ئايىماي چېچىۋاتقانىكەن. قىز يۈزىگە تارتىۋالغان نىقابنى ئېلىۋېتىپتۇ - دە، قۇدۇققا ئېڭىشىپ يۈزىنى يۇيۇپتۇ، ئاندىن نىقابىنىمۇ يۇيۇپ، قۇرۇتۇش ئۈچۈن چۆپلۈككە يېيىپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا غاز باققۇچى قىزنىڭ قانداق قىياپەتكە كىرگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بۇنداق ئىشنى سىلەر ئۆمرۈڭلاردا كۆرۈپ باقمىغان. قىزنىڭ بېشىدىكى كۆل رەڭ چاچ ئېلىنۋېتىلگەندىن كېيىن، ئالتۇندەك ساپسېرىق چاچلار ئۇنىڭ



پۈتۈن يەلكىسىنى قاپلاپتۇ، بۇلاقتەك كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپتۇ، ئالمىدەك قىزىل مەڭزلىرىدىن مۇلايىملىق ۋە گۈزەللىك ئەكس ئېتىپتۇ.

بىراق بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ دىلى بەكمۇ سۇنۇق بولغاچقا، ئولتۇرۇپ ئېچىنىشلىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان مونچاقتەك ياشلار دومىلاپ يەرگە چۈشىدىكەن. ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ يىغلاۋېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا دەرەخ شېخىنىڭ قاراسلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قىز خۇددى ئۇۋۇچىدىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ

كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئاي ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ دالدىسىغا ئاپ-تۇ. قىز نىقابىنى يۈزىگە تارتىپتۇ - دە، خۇددى ۋاللىدە يورۇپ ئۆچكەن نۇردەك غايىب بوپتۇ.

ئۇ ياپراقتەك تىترىگىنىچە ئۆيىگە قېچىپ كەپتۇ. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مومايغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتاي دەپ تۇرۇشىغا، موماي مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئېيتمىساڭمۇ ھەممىنى بىلىمەن، — دەپتۇ - دە، قىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئوچاققا ئوتۇن سېپتۇ، ئاندىن سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئۆينى سۈپۈرۈپتۇ، ئۇ يەر - بۇ يەرنى دەسماللاپتۇ.

— ئۆي دېگەننى چىنىدەك پاكىز تۇتۇش كېرەك، — دەپتۇ ئۇ قىزغا.

— ئانا، ئەجەب مۇشۇنداق كېچىدە ئۆي تازىلاپ قاپ-سىزغۇ؟ بىرەر ئىشقا تەييارلىق قىلىۋاتامسىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— ھازىر قانداق ۋاقىت بىلەمسەن؟ — سوراپتۇ موماي.

— تېخى يېرىم كېچە بولمىغان بىلەن سائەت ئاللىقاچان ئون بىر بولدى.

— ئۈچ يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ يەرگە كەل-گىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ ئەمدى ۋاقتىڭ توشتى، ئەمدى مەن سەن بىلەن بىللە تۇرمايمەن.

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپتۇ:

— جېنىم ئانا، مېنى ھەيدەپ چىقارماقچىمۇ سىز؟ مې-
نى نەگە بارار دەپ ئويلىمامسىز؟ مېنىڭ يا دوستلىرىم، يا
باش تىققۇدەك ماكانىم يوقلۇقىنى بىلمەمسىز؟ سىز ھەر-
قانداق ئىشقا بۇيرۇسىڭىز بويۇن تولغىماي قىلدىم. سىزمۇ
مەندىن رازى بولغانىدىڭىز. جېنىم ئانا، مېنى كەتكۈزۈۋەت-
مىسىڭىز!

موماي نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى قىزغا
ئېيتىشنى خالىماپتۇ.

— بۇ يەردە ئەمدى تۇرمايمەن، — دەپتۇ ئۇ قىزغا، —
شۇڭا كۆچۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆينى پاكىز تازىلاپ قوياي
دەيمەن، تازىلىق قىلىپ بولغۇچە ماڭا پۇتلاشماي نېرىراق
تۇر. نەدە تۇرىدىغانلىقىڭدىن غەم يېمە. مەن تېخى شۇنچە يىل
خىزمىتىمنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق ھەق بېرىپ سې-
نى رازى قىلىمەن.

— جېنىم ئانا، زادى نېمە بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىسى-
ڭىزچۇ؟

— يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، ماڭا كاشىلا بولما، تولا گەپ
سوراۋەرمەي ھۇجراڭغا كىرىپ يۈزۈڭدىكى نىقابنى ئېلىۋەت،
ئاندىن يىپەك كۆڭلىكىڭنى كىيىۋال. مۇشۇ يەرگە يېڭى
كەلگەن چېغىڭدا كىيگەن ھېلىقى كۆڭلەكلىرىڭنى كىيگىن.
چىرايلىق ياسان. مەن چاقىرمىغۇچە ھۇجراڭدىن چىقماي
تۇر.

ئەمدى گېپىمىزنى پادىشاھ بىلەن خانىشقا يۆتكەيلى. بۇلار ھېلىقى يىگىت بىلەن بىللە ئورماندىكى موماينى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇ كېچىدە بىر - بىرىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش بىر تەرەپكە، يىگىت ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ قاراپ مېڭىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتراپ يىگىتكە تونۇشتەك سېزىلىپتۇ. ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. ئۇ بىر تۈپ دەرەخكە چىقىپ تۈنىمەكچى بوپتۇ. تولۇن ئاي يەر - جاھاننى ئاپئاق نۇرىغا چۈمكىگەن چاغدا، يىگىت تاغدىن چۈشۈۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ ھېلىقى غاز باققۇچى قىز ئىكەنلىكىنى بىرلا قاراپ بىلىۋاپتۇ.

«ئوھوي ! — دەۋېتىپتۇ يىگىت ئۆزىنى باسالماي، — مانا ئۆزى ئالدىمغا كەلدى. مۇشۇ جادۇگەر خوتۇننى تۇتۇۋالسام يەنە بىرىمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ.»

لېكىن، يىگىت كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغىنىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قاپتۇ. قىز قۇدۇق بېشىغا كەپتۇ - دە، نىقابىنى ئېلىۋېتىپ يۈزىنى يۇيۇپتۇ، ئۇنىڭ ئالتۇندەك چاچلىرى مۇرىلىرىنى قاپلاپتۇ. يىگىت بۇنداق پەرى سۈپەت ساھىبجامالنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە بېشىنى ياپراقلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، بويىنىنى سوزۇپ قىزدىن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. يىگىت ئالدىغا بەكرەك ئې-

ئۆچۈشۈپتىكەن، ئاستىدىكى شاخ توساتتىن قاراس ـ قۇرۇس قىلغىنىچە سۇنۇپ كېتىپتۇ. قىز يۈزىگە نىقابىنى تارتىپ، ئىككى سەكرەپلا كېيىكتەك غايىب بوپتۇ. قىزنىڭ قېچىشى بىلەن تەڭ، ئايمۇ ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپتۇ. يىگىت قىزنى ئەمدى كۆرەلمەپتۇ.

قىز غايىب بولغاندىن كېيىن، يىگىت ئۇنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا، قاراڭغۇدا كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىككىيلەن پادىشاھ بىلەن خانىش ئىكەن. ئۇلار مومايىنىڭ ئۆيىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىنى يىراقتىن كۆرۈپ، شۇ تەرەپنى كۆزلەپ كېلىۋاتقانىكەن.

يىگىت ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە قۇدۇق بېشىدا كۆرگەن ئاجايىب ـ غارايىب ئىشنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش ئۇ قىزنى چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ قىزى، دەپ جەزم قىپتۇ. ئۇلار شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈپ، مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ساپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۆينىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە غازلار بېشىنى قانىتىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇلار دېرىزىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىسا موماي چاق ئېگىرىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇ بېشىنى لىڭشىتقۇدەك، لېكىن بۇرۇلۇپ قارىمىغۇدەك. ئۆيدە قىز كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ دېرىزىنى ئاستا چېكىپتۇ. موماي خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئورنىدىن تۇرۇپ سىپايىلىك



بىلەن:

— كىرىشىسىلە، مېھمانلار، مەن سىلەرنى بۇرۇندىنلا تونۇيمەن، — دەپتۇ.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپتۇ. موماي ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۈچ يىل بۇرۇن ئاق كۆڭۈل ۋە ئوماق بىر قىزنى ئوردىدىن يولسىزلىق بىلەن قوغلىۋەتمىگەن بولساڭلار بۈگۈن شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى مېڭىپ، جاپا چېكىپ يۈرمەيتتىڭلار. ئۇ ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ناھايىتى كەتسە ئۈچ يىل غاز باقتى. ئۇنىڭ قەلبى يەنىلا شۇنداق پاك، ئۇ ھېچقانداق يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالمىدى. لې-كىن، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار بىر كۈنمۇ ئارامىدا بولمىدى،

سىلەر قىلمىشىڭلارغا لايىق ئازابلاندىڭلار.

ئۇ شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قىزنى چاقىرىپتۇ:

ــ بۇياققا چىق، ئوبدان قىزىم.

ئىشىك ئېچىلىپ، يىپەك كىيىمگە پۇركەنگەن گۈزەل مەلىكە چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ چاچلىرى يەلكىلىرىگە يېيىلىپ چۈشكەن، شەھلا كۆزلىرى چولپاندەك چاقناپ تۇرغان.

مەلىكە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈپتۇ. بەخت ياشلىرى ئۇلارنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپتۇ. مەلىكە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان يىگىتكە لەپپىدە كۆز تاشلاپتۇ ۋە نېمىشقىدۇر ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپتۇ.

ــ جېنىم قىزىم، دۆلىتىمنى ئاچىلىرىڭغا ئاللىقاچان بۆلۈپ بېرىۋەتكەنىدىم. ئەمدى ساڭا نېمىمۇ بېرەرمەن، ــ دەپتۇ پادىشاھ خىجالەت بولۇپ.

ــ ئۇ ھېچنېمىگە ھاجەت ئەمەس، ــ دەپتۇ موماي، ــ مەن ئۇنىڭ سىلەر ئۈچۈن تۆككەن كۆز ياشلىرىنى يىغىپ قويغان. ئۇلار ياش ئەمەس، بەلكى مەرۋايىت. بۇ مەرۋايىتلار دېڭىزدىكى مەرۋايىتلاردىنمۇ ئېسىل، ئۇلارنىڭ قىممىتى سىزنىڭ پۈتۈن پادىشاھلىقىڭىزدىنمۇ ئۈستۈن. بۇ قىزنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ماڭا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كەپەمنى سوۋغا قىلىمەن.

موماي گېپىنى تۈگىتىپلا غايىب بوپتۇ. تۆت تام غاراسلىغاندەك بىر خىل ئاۋاز بىلەن تەڭ كىچىككىنە كەپە كارامەت ھەشەمەتلىك ئوردىغا ئايلىنىپتۇ. ئوردىنىڭ ئوتتۇ- رىسىدا ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن بېزەلگەن يوغان زىياپەت ئۈستىلى قويۇلغانىكەن. نۇرغۇن مالايلار ئايىغى - ئايىغىغا تەگمەي خىزمەت قىلىشىۋېتىپتۇ.

ئەسلىي بۇ چۆچەك تۈگىمەيتتى، لېكىن موماي ئۇنتۇ- غاق بولۇپ قالغاچقا، چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى ئېسىدىن چىقىد- رىپ قويۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ھېلىقى يىد- گىت بىلەن توي قىلىپ ھەشەمەتلىك ئوردىدا خۇدانىڭ ئىل- تىپاتى بىلەن بەختىيار ياشىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. مومايىنىڭ كەپىسىنىڭ ئەتراپىدا غاقىلداپ يۈرگەن ھېلىقى غازلارغا كەلسەك، بۇ غازلار موماي بېقىۋالغان قىزلار (قىزلار، خاپا بولۇپ قالماڭلار يەنە) ئىكەن. كېيىن ئۇلار مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرىگە ئايلاندى، دېگۈملا كېلىدۇ، لې- كىن بۇنىڭغا چوقۇم شۇنداق دەپ جەزم قىلالمايمەن. شۇنى كېسىپ ئېيتىمەنكى، ھېلىقى موماي خەقلەر دېگەندەك جادۇگەر كەمپىر ئەمەس، بەلكى ئاق كۆڭۈل پەرىشتە. ئېھ- تىمال، ئۇ كۆزىدىن ياش ئەمەس، مەرۋايىت تۆكۈلىدىغان خىسلەتنى مەلىكە تۇغۇلغان چاغدىلا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان. لېكىن، بۇنداق ئىشلار بۇگۈنكى كۈندە يوق.

# دېھقان بىلەن ئالۋاستى

بۇرۇنقى زاماندا ئەقىللىق بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەققىدىكى لەتىپىلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدى. كەن. ئەمما، ھەممىدىن قىزىقى ئۇنىڭ ئالۋاستىنى كول. دۇرلاتقانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە ئىكەن.

بىر كۈنى دېھقان ئېتىزلىقتىكى ئىشلىرىنى گۇگۇم چۈشەرگە يېقىن تۈگىتىپتۇ ـ دە، ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇ. شۇ ئەسنادا ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ قاپتۇ. دېھقان ھەيران قېلىپ ئوتقا يېقىن بې. رىپتۇ ۋە ئوتنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان كىچىك. كىنە قارا ئالۋاستىنى كۆرۈپتۇ.

— دېسەم ـ دېمىسەم نۇرغۇن دۇنيانى ئاستىڭغا بېسىپ ئولتۇرۇۋالدىڭغۇ دەيمەن، — دەپتۇ دېھقان.

— تاپتىڭ، مەن باسۇرۇپ ئولتۇرغان بۇ دۇنيالار سەن ئۆمرۈڭدە ئۇچراتقان ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن نەچچە ھەسسە جىق.

— بۇ گۆھەرلەر مېنىڭ ئېتىزلىقىمدا بولغاندىكىن مې. نىڭ بولىدۇ.

— بوپتۇ، سېنىڭ بولسا بولسۇن. بىر شەرتىم بار، —



دەپتۇ ئالۋاستى، — ئىككى يىلغىچە ئېتىزىڭدىن چىققان هوسۇلنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرىسەن. مەن پۇل، مال - مۈلۈك دېگەننى تولا كۆرگەن. شۇڭا، يەردىن چىققان هوسۇلنى بىر ئېلىپ باقاي دەيمەن.

دېھقان ئالۋاستىنىڭ شەرتىگە كۆنۈپتۇ، ئەمما ئۇ:

— ھوسۇلنى يىغقان چاغدا بۆلۈشەلمەي ئۇرۇشۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ھازىرلا پۈتۈشۈۋالايلى. تېرىغان نەرسىنىڭ كۆكى سېنىڭ، يىلتىزى مېنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

ئالۋاستى دېھقاننىڭ تاپقان ئامالىدىن بەكمۇ رازى بوپتۇ. بىراق قۇۋ دېھقان ئۇ يىلى ئېتىزىغا تۇرۇپ تېرىپتۇ. ھوسۇل يىغىدىغان چاغدا ئالۋاستى ئۆز ئۈلۈشىنى ئالغىلى كەپتۇ ۋە تۇرۇپنىڭ كۆكىگە ئىگە بوپتۇ، دېھقان بولسا نۇرغۇن تۇرۇپ يىغىۋاپتۇ.

— بۇ قېتىم پايدىنى سەن ئالدىڭ، — دەپتۇ ئالۋاستى، — بىراق كېلەر يىلى بۇنداق قىلمايمىز. ئۇ چاغدا زىرائەتنىڭ كۆكىنى سەن ئالىسەن، يىلتىزىنى مەن ئالىمەن.

— مەيلى، — دەپتۇ دېھقان.

تېرىلغۇ مەزگىلى يېتىپ كەپتۇ. دېھقان ئېتىزىغا بۇغداي تېرىپتۇ. بۇغداي پىشىپتۇ. ئالۋاستى ئۈلۈشىنى ئالغىلى كەپتۇ. قارىسا دېھقان بۇغدايلىرىنى ئوروپ خامانغا دۆۋىلەپ، ئۇنىڭغا پەقەت يىلتىزىنىلا قالدۇرۇپ قويغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئالۋاستىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ ۋە دەردكە چىدىماي ئۆزىنى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلىۋېتىپتۇ.

— جىن - ئالۋاستى، ھىيلىگەر تۈلكىلەرگە مۇشۇنداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك، — دەپتۇ دېھقان ۋە بارلىق ھوسۇلنى ئۆيىگە ئەكېتىپتۇ.

# ئەزرائىل

بۇرۇنقى بۇرۇنسىدا ئون ئىككى بالىسى بار نامرات بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئون ئۈچىنچى بالىسىمۇ دۇنياغا كەپتۇ. نامرات ئادەمنىڭ بېشى تازىمۇ قېتىپتۇ. ئۇ كوچىدا كىم ئۇچراشسا شۇنى باشلاپ كىرىپ ئوغلىنى چوقۇندۇرماقچى بوپتۇ ۋە ئادەم ئىزدەپ تالاغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا دەسلىپىدە ئىلاھ ئۇچراپتۇ. ئىلاھ ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بىچارە كەمبەغەل، مېنىڭ ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. شۇڭا، بالاڭنى ئۆزۈم چوقۇندۇرۇپ قويماي دەيمەن. مەن ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، ئۇنى بەختلىك قىلىمەن.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقان.

— مەن ئىلاھ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىلاھ.

— بولدى، سىز بالامنى چوقۇندۇرمايلا قويۇڭ، — دەپتۇ كەمبەغەل، — سىز بايلارغا سېخىيلىق قىلىسىز، نامراتلارنى ئاچتىن ئۆلتۈرىسىز.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ.



ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ئالۋاستى ئۇچراپتۇ.

— بولدى، ئادەم ئىزدەپ ئاۋارە بولما، — دەپتۇ ئۇ، — ئوغلۇڭنى مەنلا چوقۇندۇرۇپ قوياي. مەن چوقۇندۇرسام ئۇنىڭغا تۈگىمەس بايلىق ۋە جاھاندىكى جىمى خۇشاللىقنى ئاتا قىلىمەن.

— سەن كىم؟

— مەن ئالۋاستى.

— ياق، بۇ ئىشقا سەنمۇ يارىمايسەن. چۈنكى، سەن ئىنسانلارنى ئازدۇرىسەن، ئالدايسەن.

نامرات ئادەم يەنە يولنى داۋام قىپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا بەدىنىدە شىلىقۋالغۇدەك گۆشى يوق قورۇق ئۇستىخان ئەزرائىل پەيدا بوپتۇ.

— ئوغلۇڭنى مەن چوقۇندۇرۇپ قوياي، — دەپتۇ ئۇ.

— سەن كىم؟

— ئەزرائىل. مەن ھەممە ئىنسانغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىمەن.

— سەن دۇرۇس ئادەم ئىكەنسەن. باي دېمەي، كەمبەغەل دېمەي كىمنىڭ ئەجىلى توشسا شۇنى ئەكېتىۋېرىسەن. ئوغلۇمنى سەن چوقۇندۇرساڭ بولغۇدەك، — دەپتۇ نامرات ئادەم.

— مەن ئوغلۇڭنى ئاتاق - ئابرۇيلۇق، پۇلدار ئادەم قىلىپ چىقىمەن. چۈنكى، كىمدە كىم مېنى دوست قاتارىدا كۆرسە مەن ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى كەم قىلمايمەن، — دەپتۇ ئەزرائىلمۇ.

بالا چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى ئەزرائىل كېلىپ ئۇنى ئە-گەشتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئەزرائىل بالىنى ئورمانىنىڭ ئىچكىرى-سىگە باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يەردىكى بىر ئۆسۈملۈكنى كۆر-سىتىپ دەپتۇ:

— مەن ساڭا بىرنەرسە سوۋغا قىلاي دەيمەن. مەن سې-نى ئاتاقلىق دوختۇرغا ئايلاندۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن نەگىلا كېسەل كۆرگىلى بارساڭ، مەن شۇ يەردە هازىر بولى-مەن. ئەگەر مەن كېسەلنىڭ باش تەرىپىدە كۆرۈنسەم سەن ئىككىلەنمەستىنلا، كېسەلنى ساقايتالايمەن دېگىن ۋە بۇ ئۆسۈملۈكنى قايىنتىپ ئۇنىڭغا ئىچۈرگىن. ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن كېسەل ساقىيىدۇ. ئەگەر مەن كېسەلنىڭ ئاياغ تەرى-پىدە كۆرۈنسەم، ئۇ كېسەل مېنىڭ بولىدۇ. سەن بۇ كېسەل ساقايمايدۇ، ئۇنى هېچقانداق دوختۇر داۋالىيالمايدۇ، دېگىن. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، هەرگىزمۇ مېنىڭ ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلىپ كېسەللەرگە دورىنى قالايمىقان بەرمە، بول-مىسا پېشكەللىككە يولۇقىسەن.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇ بالا ئاتاقلىق دوخ-تۇرغا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى: «كېسەلنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭ ساقىيىش - ساقايماسلىقىنى بىلىۋالىدۇ» دەپ تەرىپلىشىدىكەن. كېسەللەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇ-نىڭغا كۆرۈنىدىكەن، ئۇنىڭغا نۇرغۇن هەق تۆلەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بالا كارامەت باي بولۇپ كېتىپتۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پادىشاھنىڭ ساقىيىش - ساقايماسلىقىنى سوراپتۇ. بالا پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئەزرائىل ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرارمىش. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ ساقايمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بوپتۇ. بىراق بالا ئىچىدە ئەزرائىلنى بىر ئالداپ باقايچۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا چوقۇم ئاچچىقى كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ چوقۇندۇرغان بالىسى بولغاندىكىن، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەس، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېسەلنى كۆتۈرۈۋېلىپلا كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئايىغىنى، ئايىغىغا بېشىنى قىلىپ ياتقۇزۇپتىكەن، ئەزرائىل پادىشاھنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ قاپتۇ. بالا پادىشاھقا ھېلىقى دورىنى ئىچۈرۈپتىكەن، ئۇ سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەزرائىل بالىنى ئىزدەپ كەپتۇ ۋە ئۇنى غەزەپ بىلەن جۆنۈپ:

— سەن مېنى ئالدىدىڭ. چوقۇندۇرغان ئوغلۇم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇ قېتىم سېنى كەچۈردۇم. يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ كېلىپ سېنى تۇتىمەن - دە، دەرگاھىمغا ئەكېتىمەن، — دەپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھنىڭ قىزى ئاغرىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئارزۇلۇق يالغۇز قىزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغا تولا يىغلاپ، كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ پۈتۈن مەملە-



كەتكە پەرمان چىقىرىپ كىمكى قىزنىنى ساقايتسا شۇنى كۈيئوغۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە پادىشاھلىقنى بېرىدىغانلىقى- نى جاكارلاپتۇ.

بالا مەلىكە ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە ئەزرائىلنىڭ قىز- نىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەمما، ئۇ مەلى- كىنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆيلى- نىشنى خىيال قىلغاندا ئەزرائىلنىڭ گېپىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇ- تۇپتۇ.

ئۇ ئەزرائىلنىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، قوراي-

دەك مۈشتۈمى بىلەن دېۋەيلەۋاتقانلىقىنى كۆرمەپتۇ. بالا مەلىكىنى كۆتۈرۈپلا بېشىنى ئاياغقا، ئايىغىنى باشقا قىلىپ ياتقۇزۇپتۇ، كەينىدىن ھېلىقى دورىنى ئىچۈرۈپتۇ. مەلىكىنىڭ ئىككى مەڭزىگە شۇ زامات قان يۈگۈرۈپ قايتىدىن جان كىرىپتۇ.

ئەزرائىل قولغا چۈشەيلا دەپ قالغان ئۆلجىلىرىنى بالىنىڭ ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىغا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يۈتۈنلەي تۈگەشتىڭ. ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، — دەپتۇ ــ دە، مۈزدەك قوللىرى بىلەن قاماللىغان پېتى ئۇنى بىر ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپتۇ. بالا قارشىلىق كۆرسىتىش تۇگۇل، مىدىر ــ سىدىر قىلالماپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قارىسا رەت ــ رەت تىزىلغان سان ــ ساناقسىز شاملار كۆيۈۋاتقۇدەك. بۇ شاملارنىڭ بەزىلىرى ئۆچۈپ، بەزىلىرى يېنىپ، خۇددى توختىماي كۆچۈپ يۈرگەن يۇلتۇزلاردەك جىمىرلاپ تۇرارمىش.

— قارا، — دەپتۇ ئەزرائىل، — بۇلار ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق شامى. چوڭلىرى بالىلارنىڭ، ئوتتۇراھاللىرى ياش ئەر ــ خوتۇنلارنىڭ، كىچىكلىرى قېرىلارنىڭ. بەزى بالىلار بىلەن ياشلارنىڭ شامىمۇ بەك كىچىك.

— مېنىڭ ھاياتلىق شامىم قايسىكىن، كۆرسىتىپ قويسىڭىز، — دەپتۇ بالا ۋە ئۆزىنىڭكىنى چوقۇم يوغان ھەم

ئۇزۇن، دەپ ئويلاپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن ئەزرائىل ئۇنىڭغا كۆيۈپ ئۆچەيلا دەپ قالغان بىر تال شامنى كۆرسىتىپتۇ:

— ئەنە ئاشۇ.

— ئەي سۆيۈملۈك ئۇستاز، — دەپتۇ بالا چۆچۈپ كې-تىپ، — ئۇنداق قىلماي ماڭا ئاتاپ يېڭىدىن بىر تال شام ياندۇرۇپ قويسىڭىز. مەنمۇ بۇ دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىن بەھ-رىمەن بولۇپ، مەلىكىنى ئالسام، پادىشاھ بولسام.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، — دەپتۇ ئەزرائىل، — شام ئۆچكەندىن كېيىنلا ئورنىغا باشقىنى ياندۇرۇشقا بولىدۇ، ئۇ-نىڭدىن باشقا ئىلاج يوق.

— ئەمىسە ماۋۇ كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان شامنى يېڭى-دىن قويۇلغان شامنىڭ ئۇستىگە قوندۇرۇپ قويۇڭ. ئۇستى-دىكى كۆيۈپ ئۆچەي دېگەندە ئوتى ئاستىدىكىگە تۇتىشىپ يېنىۋەرسۇن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ بالا.

ئەزرائىل ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماقچى بولۇۋاتقان قىياپەتتە قولىغا يوغان شامدىن بىر تال ئاپتۇ، ئاندىن ئۇنى ھېلىقى ئۆچەيلا دەپ قالغان شامنىڭ ئۇستىگە قويۇۋېتىپ، ئۇ شامنى قەستەن ئۆرۈۋېتىپتۇ. شام ئۆرۈلۈپ ئۆچكەن ھا-مان بالىمۇ يىقىلىپ ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپتۇ.

# غاز باققۇچى قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر خانىش ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئېرى خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆزى ياشىنىپ قالغانىكەن. خانىشنىڭ ئارزۇلۇق بىر تاللا قىزى بار ئىكەن. قىزى چوڭ بولۇپ بويىغا يېتىپتۇ. خانىش ئۇنى يىراق ئەلدىكى شاھزادىگە ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. توي يېقىنلىشىپ، مەلىكە يات ئەلگە جابدۇپتۇ. خانىش قىزىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئەل ـ ياقۇتتىن تارتىپ گۆھەرلەرگىچە تەييارلاپتۇ. قىسقىسى، ئۇ قىزىنى مەلىكىگە لايىق جابدۇق بىلەن يولغا سالماقچى بوپتۇ. ئۇ قىزىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن. ئۇنىڭدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىكەن. خانىش مەلىكىگە بىر كېنىزەكمۇ قوشۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار بىردىن ئاتقا مىنىپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. مەلىكە مىنگەن ئاتنىڭ ئىسمى فارادا ئىكەن. ئۇ ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلالايدىكەن. ئۇلار ماڭماقچى بولغاندا خانىش ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ ـ دە، قولىنى قەلەمتىراچ بىلەن كېسىپ قان چىقىرىپ، بىر پارچە ئاق لاتىغا ئۈچ تامچە قان تامغۇزۇپتۇ. ئاندىن قان تامغان لاتىنى قىزىغا يوللۇق تۇتۇپ:

ــ ئاھ ! كۆز نۇرۇم قىزىم، بۇنى يېنىڭدىن ھەرگىز



ئايرىما. ئۇ ساڭا يولدا ئەسقاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئانا بىلەن قىز يىغا - زار قىلىشىپ خوشلىشىپتۇ. مەلىكە ئاپىسى بەرگەن ئاق لاتىنى يۈرىكىگە تېگىپ، شاھزادىنىڭ مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەلىكە بىر ھەر سائەت ماڭغاندىن كېيىن تازىمۇ ئۇسساپتۇ. ئۇ كېنىزىكىگە:

— ئاتتىن چۈشۈپ جىلغىغا بار - دە، ماڭا لايىق بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ بەر. مەن بەكمۇ ئۇسساپ كەتتىم، — دەپتۇ.

— ئۇسسىغان بولساڭ ئاتتىن چۈشۈپ، سۇ بويىدا دۈم

يېتىپ ئىچىۋەر. ساڭا دېدەك بولۇشنى خالىمايمەن، ــ دەپ-تۇ كېنىزەك.

ئۇسساپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان مەلىكە ئامالسىز ئېتىدىن چۈشۈپ، جىلغىغا بېرىپ سۇ ئىچىپ كەپتۇ. ئالتۇن قاچىسىنى كېنىزىكى بەرمىگەنلىكتىن سۇنى دۈم يېتىپ ئىچىپتۇ. ئۇ «ئاھ، خۇدا!» دەپ خۇداغا نالە قىپتىكەن، ئۈچ تامچە قان ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

ــ بۇ ئىشنى ئاناڭ ئۇقىدىغان بولسا، يۈرىكى ھەسرەت-تىن ئېزىلىپ كېتەر.

بىراق مەلىكە بەكمۇ قانائەتچان ئىكەن. ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەي ئېتىغا مىنىپتۇ ـ دە، يولىغا راۋان بوپتۇ. ئىككىيلەن نۇرغۇن يول بېسىپتۇ. قۇياش ئوتتەك قىزدۇرۇپتۇ. پىژغىرىم ئاپتاپ مەلىكىنىڭ گېلىنى قۇرۇتۇۋېتىپتۇ. يولدا ئۇلارغا بىر دەريا ئۇچراپتۇ. كۆڭلى تۈز مەلىكە كېنىزەكتىن دەككىسىنى يېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا يەنە:

ــ ئاتتىن چۈشۈپ ئالتۇن قاچامغا تولدۇرۇپ سۇ ئەكېلىپ بەرگىن، ــ دەپتۇ.

كېنىزەك تېخىمۇ كۆرەڭلەپتۇ. ئۇ مەلىكىگە بايىقىدىن-مۇ قوپاللىق بىلەن تېگىپتۇ:

ــ ئۇسسىغان بولساڭ ئۆزۈڭ بېرىپ سۇ ئىچىپ كەل. سۇ ئەكېلىپ بېرىدىغان مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ئەمەس.

مەلىكە بەكمۇ ئۇسساپ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئۇ

نائىلاج ئېتىدىن چۈشۈپ سۇ بويىغا بېرىپتۇ ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ ئاھ، خۇدا، ــ دەپ زارلاپتۇ. ئۈچ تامچە قان ئۇنىڭ-غا جاۋابەن دەپتۇ:

ــ بۇ ئىشنى ئاناڭ ئۇقىدىغان بولسا، يۈرىكى ھەسرەت-تىن ئېزىلىپ كېتەر.

مەلىكە دۈم يېتىپ سۇ ئىچكۈچە مەيدىسىگە سېلىۋالغان ھېلىقى ئاق رەخت سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمىغاچقا بۇنى سەزمەپتۇ.

كېنىزەك بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ قولىدىن ئەمدى ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بولدى، دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. مەلىكە كېلىپ ئېتى فارادىغا مىنەي دېيىشىگە كېنىزەك ئۇنىڭغا:

ــ فارادىغا ئەمدى مەن مىنىمەن. سەن مېنىڭ قوتۇر ئېتىمغا مىن! ــ دەپتۇ.

مەلىكە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىپتۇ. كېنىزەك تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ مەلىكىگە ئۇستۇڭدىكى كىيىملى-رىڭنى ماڭا سېلىپ بېرىپ، مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىي-گىن، دەپ قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق قىپتۇ. بۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلماي يەنە شاھزادىنىڭ ئوردىسىغا بارغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنمايمەن، دەپ قەسەم ئىچ، بولمى-سا سېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە بوغۇپ تاشلايمەن، دەپ مەلىكىگە زورلۇق بىلەن قەسەم ئىچتۈرۈپتۇ. فارادا بۇ ئىشلارنىڭ

ھەممىسىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە مەھكەم پۈكۈپ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كېنىزەك فاراداغا، ھەقىقىي كېلىن قوتۇر ئاتقا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار شاھزادىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ئوردا ئالدىدا ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىكەن، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. شاھزادە كېنىزەكنى يېڭى كېلىن، دەپ ئويلاپ قاپتۇ ـ دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى ئاتتىن يۆلەپ چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئۇنى پەلەمپەيدىن يېتىلەپ ئاچىقىپتۇ. ھەقىقىي مەلىكە بولسا، تۆۋەندە ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇپتۇ. پادىشاھ دەل شۇ چاغدا دېرىزىدىن قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز تۇرۇپ قالغان مەلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بەكمۇ ساھىبجامال ۋە لاتاپەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ ـ دە، دەرھال شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېلىنىدىن:

— سىز بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنى يولدا ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭغا قىلغۇدەك بىرەر ئىش تېپىپ بېرىڭلار. بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ قالمىسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھىيلىگەر كېنىزەك.

پادىشاھ دەماللىققا ئۇنىڭغا بىرەر ئىش تېپىپ بېرەلمەپتۇ.

— غاز باقىدىغان بىر بالا بار، بۇ قىز بېرىپ شۇ بالا

بىلەن بىللە غاز باقسۇن ئەمىسە، ــ دەپتۇ ئۇ.

غاز باقىدىغان بالىنىڭ ئىسمى كىتپىشىن ئىكەن. مەلىكە ئۇنىڭ بىلەن بىللە غاز بېقىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى يالغان كېلىن شاھزادىگە:

ــ جېنىمدىن ئەزىز ئېرىم، سىزگە بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، ــ دەپتۇ.

ــ ھەرقانداق ئۆتۈنۈشۈڭ بولسا جان دەپ ئورۇندايمەن، ــ دەپتۇ شاھزادە.

ــ ئەمىسە قاسساپ چاقىرتىپ، مەن مىنىپ كەلگەن ھېلىقى ئاتنى سويدۇرۇۋېتىڭ. ئۇ قاشاڭ ئات مېنى يول بويى بەك خاپا قىلدى، ــ دەپتۇ كېنىزەك. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ مەلىكىگە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى فارادانىڭ باشقىلارغا دەپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنىكەن. شاھزادە خوتۇنىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. بىچارە فارادا جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. بۇ ئىش مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ دەرھال بېرىپ قاسساپنى تېپىپتۇ ۋە ئۆزى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ ئۇنىڭغا بىرئاز پۇل بېرىپتۇ، بۇ شەھەرنىڭ يوغان ھەم قاپقارا سىرلانغان بىر دەرۋازىسى بار ئىكەن، مەلىكە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن بۇ دەرۋازىدىن غازلىرىنى ھەيدەپ ئۆتىدىكەن. ئۇ قاسساپتىن فارادانىڭ بېشىنى ئاشۇ دەرۋازىغا ئېسىپ قويۇشنى، شۇنداق قىلغاندا ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپتۇ. قاسساپ ماقۇل بوپتۇ ۋە فارادانىڭ بېشىنى شەھەر

دەرۋازىسىغا مۇستەھكەم قىلىپ ئېسىپ قويۇپتۇ.

مەلىكە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى كىتىشىن بىلەن بىللە غازلىرىنى ھەيدەپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققۇچە فارادانىڭ بېشىغا قاراپ:

— ئاھ ! فارادا، فارادا، ئاشۇنداق ئېسىلىپ تۇردۇڭمۇ؟ — دەپتۇ.

فارادا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ياتلىق بوپ مۇرادقا يەتمىگەن خانىش،
سەن ھەيدەپ غېزىڭنى ماڭدىڭ قايانغا؟
جان ئاناڭ مۇبادا بىلسە ھالىڭنى،
ھەسرەتتە يۈرىكى تولىدۇ قانغا.

مەلىكە گەپ - سۆز قىلماي غازلىرىنى ھەيدەپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار شەھەر سىرتىدا غازلىرىنى دالىغا قويۇۋېتىپتۇ. ئاندىن مەلىكە ئالتۇندەك چاچلىرىنى تارىماقچى بولۇپ چۇۋۇپتۇ. كىتىشىن ئۇنىڭ ۋال - ۋۇل چاقناۋاتقان چاچلىرىنى كۆرۈپ زوقى كەپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە تالنى يۇلۇۋالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە مۇنداق دەپتۇ:

گۈر - گۈر چىقىپ شامىلىم،
ئېلىپ قاچقىن قالپاقنى.

ئۇ قوغلىسۇن قالپىقىنى،
مەن چىچىمنى تارىۋالاي.
چىرايلىققىنا ئۆرۈۋالاي،
ئاندىن بېشىمغا تۇرۇۋالاي.

شۇ هامان گۇركىرەپ قاتتىق شامال چىقىپ، كىتىپ-شىنىڭ قالپىقىنى ئۇچۇرۇپ نەمۇنەلەرگە ئەكېتىپتۇ. كىتىپشىن هېچنېمىگە قارىماي قالپىقىنىڭ كەينىدىن چېپىپتۇ. ئۇ قالپىقىنى تۇتۇپ كەلگۈچە مەلىكە چاچلىرىنى ئاللىقاچان تاراپ، بېشىغا تۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كىتىپشىن ئۇنىڭ چېچىدىن بىر تالمۇ يۇلالماپتۇ. كىتىپشىنىڭ بۇ ئىشقا قورسىقى كۆپۈپتۇ ۋە مەلىكىگە قېيداپ كەچكىچە گەپ قىلماپتۇ. ئۇلار كەچقۇرۇنلۇقى غازلارنى هەيدەپ بىللە قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنىمۇ ئۇلار غازلارنى هەيدەپ شەهەر دەرۋازىسىدىن چىقىپتۇ. مەلىكە يەنە:
— ئاھ، فارادا، فارادا، ئاشۇنداق ئېسىلىپ تۇردۇڭمۇ؟ — دەپتۇ. ئاتنىڭ كاللىسى شۇ هامان مۇنداق دەپتۇ:

ياتلىق بوپ مۇرادقا يەتمىگەن خانىش،
سەن هەيدەپ غېزىڭنى ماڭدىڭ قايانغا؟
جان ئاناڭ مۇبادا بىلسە هالىڭنى،
هەسرەتتە يۈرىكى تولىدۇ قانغا.



مەلىكە دالىغا چىقىپ غازلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ، ئاندىن چېچىنى چۇۋۇپ تارىماقچى بوپتۇ. كىتېشىن ئۇنىڭ چېچىدىن بىرنەچچە تالنى يۇلۇۋالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىپتۇ. مەلىكە دەرھال:

گۇر - گۇر چىقىپ شامىلىم،
ئېلىپ قاچقىن قالپاقنى.

ئۇ قوغلىسۇن قالپىقىنى،
مەن چېچىمنى تارىۋالاي.
چىرايلىققىنا ئۆرۈۋالاي،
ئاندىن بېشىمغا تۇرۇۋالاي.

دەپتۇ.

شۇئان بوران چىقىپ غاز باققۇچى بالىنىڭ بېشىدىكى قالپىقىنى ئۇچۇرۇپ ئاللىقاياقلارغا ئەكېتىپتۇ. ئۇ قالپىقىنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. قالپىقىنى تۇتۇپ قايتىپ كەلسە، مەلىكە چاچلىرىنى تاراپ يىغىشتۇرۇپ بولغانىكەن. شۇنداق قىلىپ كىتىپشىن مەلىكىنىڭ چېچىنى يەنە يۇلالماپتۇ. ئۇلار كەچكىچە بىللە غاز بېقىپتۇ.

ئۇلار كەچقۇرۇنلۇقى غازلارنى ھەيدەپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىتىپشىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ مۇنداق دەپتۇ.

— ئى ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن ئۇ قىز بىلەن بىللە غاز بېقىشنى خالىمايمەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئەتىدىن - كەچكىچە كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ يۈرىدۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن قىزنىڭ ھەر كۈنى نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

كىتېشىن پادىشاھقا قىز بىلەن فارادانىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى قىلىشىدىغان گەپ - سۆزلىرىنى، دالىغا چىقـ. قاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شامالدا قالپاق قوغلايدىغانلىقىنى، ئىشقىلىپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرىنىمۇ قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى ئەتىسى يەنە غاز باققىلى چىقىشقا بۇيرۇپ-تۇ. ئۆزى تاڭ يورۇشى بىلەن شەھەر دەرۋازىسىغا بېرىپتۇ - دە، قارا دەرۋازىنىڭ قانىتىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، مەلىكە بىلەن فارادانىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپتۇ. ئاندىن مەلىـ. كىنىڭ كەينىدىن قارا كۆرەر مېڭىپ دالىغا چىقىپتۇ ۋە بىر دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. غاز باققۇچى بالا بىلەن مەلىكە غازلارنى دانلاشقا قويۇپ بېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن مەلىكە ئالتۇندەك چاچلىرىنى چۇۋۇپ:

گۇر - گۇر چىقىپ شامىلىم،
ئېلىپ قاچقىن قالپاقنى.
ئۇ قوغلىسۇن قالپىقىنى،
مەن چېچىمنى تارىۋالاي.
چىرايلىققىنا ئۆرۈۋالاي،
ئاندىن بېشىمغا تۇرۇۋالاي.

دەپتۇ.



شۇئان بوران چىقىپ كىتىپشىنىنىڭ قالپىقىنى ئۇچۇرۇپ ئاللىقاياقلارغا ئەكېتىپتۇ. مەلىكە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ چېچىنى تاراپ ئۆرۈپ، بېشىغا تۈگۈۋاپتۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان پادىشاھ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن ئىلۇقى مەلىكە غازلىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ھېلىقى ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى جانابلىرىغا دېيەلمەيمەن. باشقىلارغا خالىغانچە دەرد تۆكسەم بولمايدۇ، — دەپتۇ قىز، — چۈنكى مەن بۇنى ھېچكىمگە تىنماسلىققا قەسەم ئىچكەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇنداق قەسەم ئىچمىگەن بولسام بۈگۈنگىچە ياشىيالمىغان بولاتتىم.

پادىشاھ مەلىكىنى ئېيتىشقا زورلاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن بىر ئېغىزمۇ جاۋاب ئالالماپتۇ. ھېچ ئامال قىلالمىغان پادىشاھ ئاخىر:

— دەردىڭنى ماڭا ئېيتقۇڭ كەلمىسە، ئوچاققا ئېيتارسەن، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ چىقىپ كېتىشى ھامان مەلىكە ئوچاقنىڭ ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىپ تازا قانغۇدەك بىر يىغلىۋاپتۇ، ئاندىن يۈرىكىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىراقلا تۆكۈۋېتىپتۇ:

— مېنىڭ نەرىم مەلىكە؟ مەلىكە دېگەن مەندەك

غېرىب - مىسكىن بولامدۇ؟ بالا - قازاننىڭ ھەممىسىنى ما-
ڭا ئاشۇ كېنىزەك كەلتۈردى. ئۇ مېنىڭ مەلىكىلەرگە خاس
كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ ئۆزى كىيىۋېلىپ، شاھزادىگە خو-
تۇن بولۇۋالدى. مېنى بولسا، غاز باققۇچى قىلىپ قويۇشتى.
بۇ ئىشلارنى ئانام ئۇقىدىغان بولسا، يۈرىكى قانچە ئېزىلىپ
كېتەر.

پادىشاھ ئوچاققا قۇلىقىنى چاپلاپ تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ
ھەممە گېپىنى ئاڭلىۋاپتۇ. ئۇ مەلىكىنى ئوچاقتىن چىقىش-
قا بۇيرۇپتۇ ۋە خانىشقا ئاتاپ تىككۈزگەن كىيىملەرنى كىي-
دۈرۈپتۇ. بۇ كىيىملەر مەلىكىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ-
تۇ. پادىشاھ ئوغلىنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى كېلىنى-
نىڭ ئالدامچى كېنىزەك ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي يېڭى كې-
لىن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان غاز باققۇچى قىز ئىكەنلىكىنى
ئېيتىپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق-
لىقىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ كاتتا زىياپەت
ئۇيۇشتۇرۇپ يار - بۇرادەرلىرىنى تەكلىپ قىپتۇ. زىياپەتتە
شاھزادە تۆردە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىر يېنىدا گۈزەل مەلى-
كە، يەنە بىر يېنىدا ھىلىقى كېنىزەك ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكى-
نىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ھۆسن - جامالى ئالدىدا كېنى-
زەكنىڭ كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ ئۇنى تونۇيالماپتۇ.

ھاراق - شاراب تارتىلىپتۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ كەيپى

راسا كۆتۈرۈلگەن چاغدا پادىشاھ خوجايىنىنى داغدا قويغان كېنىزەك توغرۇلۇق ھېكايە ئېيتىپ ئاخىردا كېنىزەكتىن:

— بۇنداق كېنىزەكنى قانداق جازاغا تارتىش كې-رەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

كېنىزەك قىلمىشىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى سې-زىپ، قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. ئۇ زىياپەتتىن ئاستاغىنا چىقىپتۇ - دە، ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. ئۇ قوغلاپ كەلگۈچى-لەردىن ئەنسىرەپ ئاتقا بولۇشىغا قامچا ساپتۇ. قېچىپتۇ، قېچىپتۇ، ئۇنىڭ يولىنى بىر دەريا توسۇپتۇ. بۇ دەل مەلى-كىنىڭ قانلىق قولياغلىقى چۈشۈپ كەتكەن دەريا ئىكەن. ئەينى چاغدا مەلىكىنىڭ قولياغلىقى دەرياغا چۈشۈپ، چۆك-كەن يېرىدىلا تۇرۇپ قاپتىكەن. كېنىزەك دەريادىن ئاتلىق ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ شولىسى دەل ياغلىق-تىكى قان تامچىسىغا چۈشۈپتۇ. قان تامچىسى شۇ ھامان زۇۋانغا كىرىپ:

— ھازىر يۈرىكىڭ پارە - پارە بولىدۇ ! — دەپتۇ.

ئات بۇ گەپتىن ئۈركۈپ چاپچىغان پېتى كېنىزەكنى سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ. كېنىزەك قورققىنىدىن يۈرىكى يې-رىلىپ ئۆلۈپتۇ ۋە سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ھەقىقىي كېلىن بىلەن شاھزادە كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ توي قىپتۇ. ئۇلار بەختىيار ياشاشقا باشلاپتۇ.

# بېلىقچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى

بۇرۇنقى زاماندا بەكمۇ نامرات بىر بېلىقچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ شۇنچىلىك نامرات ئىكەنكى، نە باش تىقىقۇدەك ئۆيى، نە بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىققۇدەك هويلىسى يوق ئىكەن. پەقەت دېڭىز قىرغىقىدا توختىتىپ قويۇلغان ئەسكى بىر كېمىسى بار ئىكەن. ئۇ خوتۇنى بىلەن بىللە ئاشۇ ئەسكى كېمىدە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرىدىكەن. بېلىقچى هەر كۈنى زىرىكمەي ـ تېرىكمەي بېلىق تۇتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە قارمىقىنى سۇغا تاشلاپتۇ ـ دە، سۈپسۈزۈك دېڭىز سۈيىگە قاراپ قىرغاقتا ئۇزۇن ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا قارماققا بىرنېمە ئىلىنغاندەك بوپتۇ. بېلىقچى قارمىقىنى تارتىپ قارىسا يوغان بىر كامبالا بېلىقى ئىلىنغانمىش.

— ئى سۆيۈملۈك بېلىقچى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ بېلىق، — مېنى قويۇۋەتسەڭچۇ، مەن ئەسلىي بېلىق ئەمەس، بەلكى بېلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن شاهزادە. مېنى ئۆلتۈرگىنىڭگە نېمە مۇرادىڭ هاسىل بولار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆشۈممۇ تەملىك ئەمەس. ئۇنداق قىلماي مېنى سۇغا قويۇۋەتكىن. مەن ئەركىن ـ ئازادە ئۈزۈپ يۈرەي.

— ۋاي بىچارە، ئۇنچە يالۋۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ، گەپ قىلالايدىغان ساڭا ئوخشاش بېلىقنى ئەلۋەتتە قويۇۋېتىمەن.

بېلىقچى ئۇنى سۇپسۇزۇك سۇغا قويۇۋېتىپتۇ.

بېلىق سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزۇن-غا سوزۇلغان قان ئىزى قاپتۇ. بېلىقچى ئورنىدىن تۇرۇپ كېمىگە قايتىپتۇ.

— بۈگۈن بېلىق تۇتۇپ كەلمىدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى ئۇنى كۆرۈپ.

— ھەي، گەپ قىلما، — دەپتۇ بېلىقچى، — تازا يوغان بېلىقتىن بىرنى تۇتقانىدىم، ئۇ: «مەن ئەسلىي شاھزادە ئىدىم» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، دېڭىزغا قويۇۋەتتىم.

— ئۇنىڭدىن ھېچنېمە سورىمىدىڭىزمۇ؟

— ياقەي، نېمە سورىسام بولاتتى؟

— توۋا، مۇشۇ كونا كېمە ئىچىگە چېچىمىز ئاقىرىپ، چىشىمىز سارغايغۇچە بەخشەندە بولغانمۇ؟ بۇ كېمە چىرىپ كېتەي دېدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكلىكىچۇ تېخى. سىز ئۇنىڭدىن كەپە بولسىمۇ تەلەپ قىلسىڭىز بولماسمىدى. مې-ڭىڭ، دېڭىز بويىغا بېرىپ، بېلىقنى چاقىرىپ بىر ئېغىز كەپە بولسىمۇ سوراڭ، ئۇ چوقۇم دېگىنىڭىزنى بەجا كەلتۈرىدۇ.

— بولدىلا، ئۇنى يەنە ئىزدەمدىمەن، — دەپتۇ بېلىقچى.

— ئەستا، سىز ئۇنىڭغا رەھىم قىلغان تۇرسىڭىز ئۇ ئۇنىماي قالامتى؟ گەپنى ئاز قىلىپ دېڭىز بويىغا بېرىڭ !

بىلىقچىنىڭ پەقەت بارغۇسى كەلمىسىمۇ، خوتۇنىنىڭ گېپىنى يىرالماي، ئىلاجسىز دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ. ئۇ دې- ڭىز سۈيىگە قارىسا، دېڭىز سۈيى بايىقىدەك سۈپسۈزۈك بول- ماستىن، يېشىل ۋە سېرىق بولۇپ دۇغلىشىپ تۇرغۇدەك. بىلىقچى دېڭىز بويىدا تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

چىققىن دېڭىز يۈزىگە،
هەي بىلىقجان كامبالا.
خوتۇنىنىڭ زورى بىلەن،
كەلدىم قېشىڭغا مانا.

بىلىق سۇ ئۈستىگە چىقىپتۇ.

— ئېيتقىنا، خوتۇنۇڭغا نېمە كېرەك ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— هەي، مەن سېنى تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتكەن ئەمەسمىدىم، خوتۇنۇم بۇنى ئاڭلاپ سەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىل- مىغىنىمغا رەنجىدى. ئۇ كونا كېمىدىن بەكمۇ بىزار بوپتۇ. ئۇ بىرەر ئېغىز كەپىمىز بولسا، دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىلىقچى.

— خاتىرجەم ئۆيۈڭگە قايت، — دەپتۇ بىلىق، — خو- تۇنۇڭ هازىر سېنى كەپىدە ساقلاپ ئولتۇرىدۇ.

بىلىقچى قايتىپ كېلىپ قارىسا، كونا كېمە كۆرۈنمەي- تۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا كەپە تۇرغۇدەك. كەپىنىڭ ئالدىدىكى



ئورۇندۇقتا خوتۇنى ئولتۇرغۇدەك. ئايالى ئېرىنى كۆرۈپ يۈ-
گۈرگەن پېتى ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپتۇ:

— ئۆيگە كىرىپ قاراپ بېقىڭا، بىز ئەمدى خېلىلا
راھەتكە چىقىپ قالدۇق.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى كەپىگە كىرىپتۇ. كەپىنىڭ
ئىچىدە دالان، مېھمانخانا، ھۇجرا بار ئىكەن. ھۇجرىغا
چىرايلىق بىر كارىۋات قويۇلۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاشخانا،
قازناقلاردىن تارتىپ، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى قو-
يىدىغان ئامبارلارغىچە تەل ئىكەن. ئۆيلەر مىس ۋە ئاليۇ-
مىندىن نەپىس قىلىپ ياسالغان تۈرلۈك بۇيۇملار بىلەن
تولغانىكەن، كەپىنىڭ ئالدىدا توخۇ، ئۆردەك باققۇدەك كى-

چىك هويلا، كەينىدە كۆكتاتلىق ۋە مېۋىلىك باغچا بار ئىكەن.

— قاراڭا، ئازادە، راھەتمىكەن؟ — دىپتۇ بېلىقچىنىڭ خوتۇنى.

— ئازادە، راھەت بولمامدىغان. ئۆمۈرۋايەت مۇشۇنداق بولغاي ئىلاھىم. ئەمدى مۇشۇنىڭغا شۈكرى ـ قانائەت قىلىپ ياشىساق بولىدۇ.

— بۇ تەرىپىنى يەنە ئويلىشىپ باقارمىز، — دەپتۇ خوتۇنى. ئۇلار تاماق يەپتۇ، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاپتۇ.

ئارىدىن ئون — ئون بەش كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— ماڭا قاراڭچۇ، بۇ كەپە بەك تارچىلىق قىلىۋاتىدۇ، هويلا بىلەن باغچىمۇ ئالىقانچىلىكلا. كامبالا بېلىقى چوقۇم بىزگە ئايۋان ـ سارايلىق قورۇ ـ جاي بېرىدۇ. مېنىڭ تاش-تىن قوپۇرۇلغان ھەيۋەتلىك سارايدا تۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ. سىز بېلىققا بېرىپ ئېيتىڭ، ئۇ بىزگە كاتتا بىر ساراي بەرسۇن ! — دەپتۇ.

— توۋا دە، خوتۇن، — دەپتۇ بېلىقچى، — بۇ كەپە شۇنداق ئازادە تۇرسا، بىزگە سارايىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— تولا سۆزلىمەي يولىڭىزغا مېڭىڭا، بېلىق چوقۇم گېپىڭىزنى يەردە قويمايدۇ، — دەپ چېچىلىپتۇ بېلىقچىنىڭ خوتۇنى.

— ياق، خوتۇن. بېلىق كەيپنى بىزگە بەرگىلى ئۇزۇن بولمىدى. مەن ئەمدى سارايى، دەپ بارسام ئۇنىڭغا خۇش-ياقامدۇ؟

— خاتىرجەم بېرىۋېرىڭا، ئۇ چوقۇم دېگىنىڭىزنى قىلىدۇ.

بېلىقچى بەكمۇ تەڭلىكتە قاپتۇ. بېلىقنىڭ قېشىغا ئۇنىڭ زادىلا بارغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ ئىش پەقەتلا قاملاشمىدى - دە» دەپتۇيۇ، يەنىلا ئىلاجسىز دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ.

ئۇ بېرىپ سۇغا قارىسا، دېڭىز سۈيى گەرچە قېنىق بولسىمۇ، بىر يېرى كۆكۈچ، بىر يېرى قىزغۇچ، بىر يېرى كۇل رەڭ بولۇپ ناھايىتى دۇغلاشقانىكەن. بېلىقچى دېڭىز بويىدا تۇرۇپ:

چىققىن دېڭىز يۈزىگە،
ھەي بېلىقجان كامبالا.
خوتۇننىڭ زورى بىلەن،
كەلدىم قېشىڭغا يەنە.

دەپتۇ.

— ئى بېلىقچى، ساڭا نېمە لازىم؟ — دەپ سوراپتۇ بې-لىق سۇ ئۈستىگە چىقىپ.

— ھەي، نېمە دېسەم بولار، ئاۋۇ خوتۇن كاتتا سارايدا تۇراتتىم، دەيدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى خاپا ھالدا.

— قايتقىن، بېلىقچى، ئۇ سېنى سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈۋالىدۇ.

بېلىقچى ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ كەپىسى بار يەرگە كېلىپ شۇنداق قارىسا، كەپىنىڭ ئورنىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بىر ساراي پەيدا بولغان، خوتۇنى سارايىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپتۇ - دە، سارايغا ئەكىرىپتۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئاستىغا مەرمەر تاشلار يېيىتىلغان ئاجايىپ چوڭ بىر زالغا كىرىپتۇ. زالنىڭ ئىككى چېتىدە ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ مالايلار قاتار تۇرۇپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئېگىز، ھەيۋەتلىك ئىشىكنى ئېچىپ بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆينىڭ تاملىرىغا گۈللىرى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەملەر ئېسىلغانىكەن. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالتۇن شىرە ۋە ئورۇندۇقلار تىزىلغان، تورۇسقا خرۇستال چىراغ ئېسىلغان، چوڭ - كىچىك ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە گىلەم سېلىنغانىكەن. شىرەنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر، مەي - شارابلار دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ كەينىدە ھويلا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئات ئېغىلى ۋە كالا قوتىنى بار ئىكەن. كارامەت ھۈنەر ئىشلىتىپ ياسالغان بىر مەپمۇ شۇ يەردە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل گۈللەر، ئەڭ تاتلىق مېۋىلەر بىلەن تولغان باغ ۋە سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان دەرەخزارلىقمۇ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇغا - ماراللار، ياۋا توشقانلار، كېيىكلەر سەكرەپ -

ئويناقشىپ يۈرىدىكەن.

— قاراڭا، گۈزەلمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

— گۈزەل بولمامدىغان. بۇ ھەشەمەتلىك گۈزەل سارايغا شۈكرى - قانائەت قىلىپ مەڭگۈ خاتىرجەم ياشايلى.

— بۇنى ئويلىشىپ باقارمىز تېخى. ھازىرقى ئىش ئۇخلاش، — دەپتۇ خوتۇنى ۋە كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېلىقچىنىڭ خوتۇنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئويغىنىپتۇ. دېرىزىگە قاراپ پايانسىز كەتكەن گۈزەل مۇنبەت يەرلەرنى كۆرۈپتۇ ۋە ئەمدىلا ئويغىنىپ، بەل - پۇتلىرىنى رۇسلاۋاتقان ئېرىنى نوقۇپ تۇرۇپ:

— ھۇرۇنلۇق قىلماي تېز تۇرۇپ دېرىزىنىڭ سىرتىغا بىر قاراڭا. بىز ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز گۈزەل زېمىننىڭ پادىشاھى بولساق بولمامدۇ؟ ئورنىڭىزدىن چاپسان تۇرۇپ، دەرھال بېلىقنىڭ يېنىغا بېرىڭ. مەن پادىشاھ بولماقچىمەن! — دەپتۇ.

— خوتۇن، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ پادىشاھ بولۇپ نېمە قىلىمىز؟ مېنىڭ پادىشاھ بولغۇم پەقەتلا يوق!

— سىز بولمىسىڭىز مەن بولىمەن. بولۇڭ چاپسان، بېلىقنىڭ يېنىغا بېرىڭ، مەن تېزرەك پادىشاھ بولاي.

— ئەستا، نېمىشقا پادىشاھ بولغۇڭ كېلىپ قالدى؟ مەن بۇ گەپنى بېلىققا قانداقمۇ دېيەلەيمەن؟

— نېمىشقا دېيەلمەيتتىڭىز. تولا كاپشىماي دەرھال بېرىڭ. مەن پادىشاھ بولىمەن. مەن چوقۇم پادىشاھ بولىمەن!

بىلىقچى بىلىقنىڭ يېنىغا بىر نەشقا يەنە مەجبۇر بوپتۇ.
ئۇ خوتۇنىنىڭ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى غەش بوپتۇ، بويىدىن باغلاپ سۆرىگەندەك مېڭىپ دېڭىز بويىغا كەپتۇ.
ئۇ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، دېڭىز سۈيى كۆل رەڭ تۇسكە كىرگەن. ئاستىدىن قايناپ چىقىۋاتقان كۆپۈكلەر شۇنداق بەتبۇي پۇراق چىقىرىۋاتقان. بىلىقچى دېڭىز بويىغا كېلىپ دەپتۇ:

چىققىن دېڭىز يۈزىگە،
ھەي بىلىقچان كامبالا.
خوتۇنىنىڭ زورى بىلەن،
كەلدىم قېشىڭغا يەنە.

بىلىق چىقىپتۇ.
— قېنى ئېيتقىن، بىلىقچى، ئۇنىڭغا نېمە لازىم ئىكەن؟
— ھەي نېمىسىنى ئېيتاي، ئۇنىڭ پادىشاھ بولغۇسى بار ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىلىقچى.
— قايتقىن، بىلىقچى، ئۇ ئارزۇسىغا يەتتى، — دەپتۇ بىلىق.
بىلىقچى ئۆيىگە قايتىپ كەلسە، ئۆينىڭ ئورنىدا كاتتا بىر ئوردا بىنا بوپتۇ. بۇ ئوردا ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقى سارىيىدىن

نەچچە ھەسسە ھەشەمەتلىك ئىكەن. ئوردىنىڭ ئىچىدە ھەيۋەتلىك ئىمارەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئوردا ئىچى ـ تېشى شۇنچىلىك ياسىداق ئىكەنكى، قارىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كېتىدىكەن. ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەرى سۆرۈن نۆكەرلەر قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن. ئوردىنىڭ ئالدىدا يەنە ناغرا ـ دۇمباق، بۇرغا ـ كانايلار قويۇلغانىكەن.

بېلىقچى ئوردىغا كىرىپتۇ. قارىسا ئىشىك ـ دېرىزىلەر ساپ ئالتۇن بىلەن مەرمەردىن ياسالغان. ئۇلارغا نەپىس ئىشلەنگەن دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان، ئېسىل جاھازلارغا يىپەك يوپۇقلار يېپىلغانمىش. پەردە، يوپۇقلارنىڭ ئالتۇن چۇچىلىرى جۇلالىنىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇدەك. دەل شۇ چاغدا نۇرغۇن ئىشىكلەر ئېچىلىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرى كۆرۈنۈپتۇ. بېلىقچىنىڭ خوتۇنى ئالتۇن ۋە بىرلىيانتتىن ياسالغان تەختتە بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىپ ئولتۇرغانمىش، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتە كېنىزەك قاتار تۇرغانمىش.

بېلىقچى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ ھە خوتۇن، ئەمدىغۇ پادىشاھ بولغانسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ ھەئە. مەن ئەمدى پادىشاھ، ـــ دەپتۇ خوتۇنى.

بېلىقچى خوتۇنىغا زوق بىلەن قاراپتۇ.

ـــ پاھ خوتۇن، ـــ دەپتۇ، ـــ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن بەكمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپسەن جۇمۇ! ئەمدىغۇ مۇشۇلارغا قانائەت قىلىپ ئولتۇرارمىز.

ـــ ياق، ئېرىم، ـــ دەپتۇ ئۇ بىتاقەتلىك بىلەن، ـــ بۇ

كۆنلەر ماڭا بەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بار، يۈگۈر، بېلىقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيت، پادىشاھ بولۇپ باقتىم، ئەمدى مېنىڭ شاھىنشاھ بولغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ھەي خوتۇن، پادىشاھ بولغاندىكىن بولمىدىمۇ؟ شاھىنشاھ بولۇپ نېمە قىلىسەن؟

— بېلىقنىڭ يېنىغا بارمىساڭ زادى بولمايدۇ. مەن چوقۇم شاھىنشاھ بولىمەن.

— ئەستا، خوتۇن، شاھىنشاھلىقنى سورىغىلى بولمايدۇ. بىر ئىمپېرىيىدە بىرلا شاھىنشاھ بولىدۇ. ساڭا شاھىنشاھلىقنى ئېلىپ بېرىش بېلىقنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن دېگەن پادىشاھ، سەنچۇ؟ سەن پەقەتلا مېنىڭ ئېرىم. تولا گەپ قىلماي چاپسان يولۇڭغا ماڭ. ئۇنىڭ قولىدىن مېنى پادىشاھ قىلىش كەلگەنىكەن، شاھىنشاھ قىلىشمۇ چوقۇم كېلىدۇ. مەن شاھىنشاھ بولمىغۇچە زادى ئارام تاپمايمەن. تېز يولغا چىق!

بېلىقچى ئامالسىزلىقتىن بېلىقنىڭ يېنىغا يەنە مېڭىپتۇ.

ئۇ كېتىۋېتىپ بىرنېمىدىن ئەنسىرىگەندەك بوپتۇ. ئۇنىڭ كاللىسىنى بۇنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم ياخشى بولمايدۇ، شاھىنشاھ بولىمەن دېيىش چېكىدىن ئاشقان يۈزى قېلىنلىق، دېگەن خىياللار چىرمىۋاپتۇ.

ئۇ دېڭىز بويىغا كەپتۇ. قارىسا قاپقارا دولقۇنلىشىپ كەتكەن دېڭىز سۈيى بۇزغۇنلارنى چاچرىتىپ غەزەپ بىلەن ئۆر-

كەشلەۋاتقۇدەك. بۇ چاغدا بىر بوران كېلىپلا ئاق بۇژغۇنلارنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ، بېلىقچى بۇنى كۆرۈپ بەكمۇ قورقۇپتۇ. ئۇ دېڭىز بويىدا تۇرۇپ دەپتۇ:

چىققىن دېڭىز يۈزىگە،
ھەي بېلىقجان كامبالا.
خوتۇنۇمنىڭ زورى بىلەن،
كەلدىم قېشىڭغا يەنە.

— ئى بېلىقچى، ئۇنىڭغا نېمە لازىم ئىكەن؟ — دەپتۇ بېلىق سۇ يۈزىگە چىقىپ.

— ھەي گېپىنى قىلما، ئۇ خوتۇنۇمنىڭ ئەمدى شاھەنشاھ بولغۇسى كەپتۇ.

— ئۆيۈڭگە قايتىۋەر. ئۇ شاھەنشاھ بولدى، — دەپتۇ بېلىق.

بېلىقچى قايتىپ بېرىپ قارىسا، بۇرۇنقى ئوردىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېسىل ئوردا تۇرغۇدەك. ئوردىنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن لەشكەر داقا - دۇمباق، كاناي - سۇناي چېلىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگۈدەك.

ئوردىنىڭ ئىچىدە گېرتسوگ، ماركىز، گرافلار مالاي ئورنىدا شاپاشلاپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقانمىش. ئۇلار بېلىقچىغا ئالتۇندىن ياسالغان ئىشىكلەرنى ئېچىپ بېرىپتۇ. بېلىقچى ئىشىكتىن كىرىپلا خوتۇنىنىڭ پۇتۇنلەي ئالتۇندىن قۇيۇلغان يوغان ۋە ئېگىز تەختتە ئالماس، بىرلىيانتلاردىن



كۆز قويۇلغان بىر گەز ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن تاجنى كى-يىپ قېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ بىر قولىدا شاھلىق تايىقى، يەنە بىر قولىدا كرېستقا مىخلانغان يەر شارى[①] بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىرى تو-رۇسقا تاقاشقۇدەك، پاكارلىرى بارماقچىلىك كېلىدىغان پار-پىلار بويىسىرى تىزىلىپ تۇرار ئىمىش. ھەر چوڭ باي-تۆرىلەرمۇ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ. بېلىقچى بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— خوتۇن، ئەمدىغۇ شاھىنشاھ بولغانسەن؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، مەن شاھىنشاھ بولدۇم.

بېلىقچى خوتۇنغا تازا زەن سېلىپ قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي خوتۇن، شاھىنشاھ بولغاندىن كېيىن قالتىس گۈزەللىشىپ كېتىپسەن جۇمۇ.

— توۋۋا، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ — دەپ-تۇ خوتۇنى، — ماڭ يوقال، بېلىقنىڭ يېنىغا بار ! مەن شاھىنشاھلىققا تويدۇم. ئەمدى مېنىڭ پاپا[②] بولغۇم كې-لىۋاتىدۇ.

---

① كرېستقا مىخلانغان يەر شارى — گېرمانىيىنىڭ ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى پادىشاھ-لىق سىمۋولى.

② پاپا — كاتولىك دىنىدىكى ئەڭ ئالىي دىنىي ئۇنۋان. رىم پاپىسى دەپمۇ ئاتىلى-دۇ. پاپا «يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئېپىسكوپلار تەشكىلاتى» تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. ئۆمۈرۋايەت ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى «ئەيسانىڭ پانىي دۇنيادىكى ۋەكىلى» دەپ ئاتايدۇ. پۈتۈن دۇن-يادىكى كاتولىك مۇرىتلىرى ئۇستىدىن ئەڭ ئالىي ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. «پاپا» لاتىنچە «ئاتا» دېگەن مەنىدە.

ــ ئەستا خوتۇن، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن؟ سەن ھەرگىزمۇ پاپا بولالمايسەن، چۈنكى بىر دىندا پەقەت بىرلا پاپا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىش بېلىقنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ.

ــ پاپا بولىمەن دېدىممۇ بولماي قويمايمەن. مەن بۇگۈنلا پاپا بولمىسام بولمايدۇ. قاراپ تۇرماي بېلىقنىڭ يېنىغا چاپسان ماڭمامسەن!

ــ ياق، خوتۇن. مەن بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دېيەلمەيمەن! بۇ قىلىقىڭ قاملاشمىدى، بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭ. بېلىقمۇ ئەمدى سېنى پاپا قىلىپ قويمايدۇ.

ــ ھەي ساراڭ، سەن نېمىنى بىلىسەن؟ ئۇنىڭ قولىدىن مېنى شاھەنشاھ قىلىش كەلگەن يەردە پاپا قىلىشمۇ چوقۇم كېلىدۇ. بول، چاپسان! مەن دېگەن شاھەنشاھ، سەن دېگەن پەقەتلا مېنىڭ ئېرىم. شۇڭا، مېنىڭ پەرمانىمنى بەجا كەلتۈرمەسلىككە ھەددىڭ يوق!

بېلىقچى ئارىسالدىلىق ئىچىدە بېلىقنىڭ يېنىغا يول ئاپتۇ. ئۇنىڭدا ماغدۇر دېگەندىن ئەسەرمۇ قالماي، پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا توساتتىن قويۇن چىقىپ يەر - جاھاننى قاراڭغۇچىلىق قاپلاپتۇ، يوپۇرماقلار شىرىلداپ تۆكۈلۈپتۇ. دېڭىز سۈيى شاۋقۇن سېلىپ قىرغاققا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ. بېلىقچى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېيىقنىڭ قۇتۇلدۇرۇش بەلگىسىنى بېرىپ، دەھشەتلىك دولقۇن بىلەن جان تىكىپ ئېلىد-

شىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئالىقانچىلىك كۆك ئاسماننى ھې-
سابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل ئاسمان دەھشەتلىك بوران - چاپ-
قۇندىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، توق قىزىل تۇسكە كىرىپ-
تۇ. بېلىقچى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپتۇ،
قورقۇپتۇ. ئۇ دېڭىز قىرغىقىغا كېلىپ يەنە شۇنداق دەپتۇ:

چىققىن دېڭىز يۈزىگە،
ھەي بېلىقجان كامبالا.
خوتۇنۇمنىڭ زورى بىلەن،
كەلدىم قېشىڭغا يەنە.

— ئى بېلىقچى، ساڭا نېمە لازىم؟ — دەپ سوراپ-
تۇ بېلىق.
— ھەي، نېمە دېسەم بولار، ئاۋۇ خوتۇن پاپا بولاتتىم،
دەيدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى.
— قايتقىن، بېلىقچى. ئۇ پاپا بولدى، — دەپتۇ بېلىق.
ئۇ قايتىپ كېلىپ قارىسا، ھەشەمەتلىك، كاتتا ئىمارەت-
لەر بىلەن ئورالغان، بەكمۇ ھەيۋەتلىك بىر چېركاۋ تۇرغۇ-
دەك، بېلىقچى توپلاشقان خەقلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ
چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. چېركاۋنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى
كۆرۈپتۇ دېمەمسىلەر. سانسىزلىغان شاملار ئوتقاشتەك يېنىپ
نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ، خوتۇنى ئۈچ قات ئالتۇن تاجنى كى-
يىپ، ئالتۇن كىيىملەرگە پۈركىنىپ، ئاسمان - پەلەك

تەختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان كاتتا دىنىي زاتلار قول باغلاپ تۇرغۇدەك، ئىككى تەرىپىگە چوڭلىرى قوڭغۇراق راۋىقىدەك، كىچىكلىرى بارماقچىلىك كېلىدىغان شاملار ئېگىزلىكىگە قاراپ ئىككى رەت تىزىلغانىكەن. نۇرغۇنلىغان پادىشاھ، كىنەزلەر ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويىدىكەن، پۇتىنى سۆيىدىكەن.

— خوتۇن، پاپا بولدۇڭمۇ؟

— ھەئە، پاپا بولدۇم.

بېلىقچى خوتۇنىغا خۇددى قۇياشقا قارىغاندەك ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— پاھ خوتۇن، پاپا بولغاندىن كېيىن ساڭا تېخىمۇ ھۆسن قوشۇلۇپتۇ، كارامەت چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ! — دەپتۇ.

خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماستىن بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بېلىقچى يەنە:

— ئەمدىغۇ قانائەت قىلارسەن، خوتۇن. مانا پاپىمۇ بولدۇڭ، ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەرتىۋە يوقتۇر، — دەپتۇ.

— بۇنىڭغا ئويلىنىپراق بىرنېمە دەي.

كەچتە ئەر - خوتۇن كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپتۇ. بىراق خوتۇننىڭ كۆڭلى يەنىلا غەش ئىكەن. ئۇ بۇنىڭدىنمۇ كاتتا قانداق مەرتىۋىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ پەقەتلا ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ.



بېلىقچى بىر كۈن كەچكىچە پالاقلاپ يۈرۈپ چارچىغاچ-
قا، قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. خوتۇن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق
نېمە بولسام بولار دەپ ئويلاپ، ئۇيان - بۇيان تولغىنىپ
زادى ئۇخلىيالماپتۇ. پاپتىدىنمۇ چوڭراق مەرتىۋە ئۇنىڭ ئې-
سىگە زادىلا كەلمەپتۇ. ئاخىر تاڭ ئېتىپ كۈن چىقىپتۇ.

خوتۇن ئۆيگە چۈشكەن كۈن نۇرىنى كۆرۈپ دىرىزە تۈۋىگە كەپتۇ. ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئۇنىڭ كاللىسىغا گۇپپىدە بىر ئوي كەپتۇ: «هوي راست، مەن قۇياش بىلەن ئاينىڭ ئۇستىدىنمۇ هۆكۈمرانلىق قىلسام بولمامدۇ؟»

— هەي، تۇرغىنا، — دەپ ئېرىنى نوقۇپتۇ خوتۇن، — تېز بېرىپ بېلىققا ئېيت، مەن بەئەينى تەڭرىدەك هەممىگە قادىر بولۇشنى خالايمەن.

بېلىقچىنىڭ ئۇيقۇسى تېخى پۇتۇنلەي ئېچىلمىغانىكەن. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن كارىۋاتتىن دومىلاپ چۈ-شۈپتۇ. ئۇ خاتا ئاڭلاپ قالغان بولماي يەنە دەپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

— نېمە دېدىڭ، خوتۇن؟

— ئېرىم، — دەپتۇ خوتۇنى ئۇنىڭغا، — ئاي بىلەن كۈن مېنىڭ ئەمرىمسىز ئۆزلىرىلا چىقىۋالسا بۇ ماڭا ئازاب ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭغا قانداق چىدايمەن، قانداقمۇ ئارامخۇدا ياشايمەن؟

خوتۇنى بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا، قورققىنىدىن بېلىقچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئەزايى - بەدىنىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كېتىپتۇ.

— دەرهال ئاتلان، مەن تەڭرىگە ئوخشاش بولۇشنى خالايمەن.

— هەي خوتۇن، بۇ ئىشقا بېلىق هەرگىزمۇ ئۇنىمايدۇ. ئۇ سېنى پاپا قىلىپ قويغاندىن كېيىن خۇدايا شۈكرى، دەپ

پاپىلىقىڭنى قىلىۋەرمەمسەن. مەن سەندىن خۇش بولاي، تولا كاجلىق قىلماي پاپا بولىۋەرگىن.

بىلىقچىنىڭ خوتۇنى دەرغەزەپكە كەپتۇ. ئۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئىرىنى مۇشتلاپ تىپىپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— ۋايجان ... چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. چىدىيالمايۋاتىمەن. ماڭ دەيمەن، چاپسان ماڭ !

بۇ هالدىن ئەس ـ هوشىنى يوقاتقان بىلىقچى ئىشتىنىنى كىيىپتۇ ـ دە، تەلۋىلەرچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

تالادا دەهشەتلىك بوران چىقىپ، ئۇنى ئۇچۇرتۇپ كەتكىلى تاس ـ تاسلا قاپتۇ. ئۆي، دەل ـ دەرەخلەرنى يىقىتىپتۇ، تاغلارنى تەۋرىتىپ، قىيالارنى ئۆرۈپ دېڭىزغا غۇلىتىپتۇ. يەر ـ جاهان قاراڭغۇچىلىققا چۆمۈپ، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەشكە باشلاپتۇ. دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا دولقۇن قىرغاققا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ، ئاق بۇزغۇنلارنى چاچرىتىپ، چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدىنمۇ ئېگىز ئۆرلەپتۇ. بىلىقچى جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ بىلىقنى چاقىرىپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالماپتۇ:

چىققىن دېڭىز يۈزىگە،
هەي بىلىقجان كامبالا.
خوتۇنىنىڭ زورى بىلەن،
كەلدىم قېشىڭغا يەنە.



— ئى بىلىقچى، ئۇنىڭغا نېمە لازىم ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىق سۇ يۈزىگە چىقىپ.

— هەي، نېمە دېسەم بولار، ئۇ بەئەينى تەگرىدەك بولماقچىمىش.

— قايتقىن، بىلىقچى. ئۇ هېلىقى ئەبجەقى چىققان كېمىسىگە قايتتى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇلار تا هازىرغا قەدەر ئەسكى كېمىدە ئولتۇرارمىش.

# ياۋا توشقان بىلەن كىرپە

بۇ چۆچەك ئاڭلىغان كىشىگە خۇددى يالغاندەكلا بىلى-نىدۇ. بىراق بۇ راست. چۈنكى، بوۋام ماڭا بۇ چۆچەكنى ئېيتىپ بەرگەندە دائىم: «بالىلىرىم، بۇ ئەمەلىيەتتە بولغان ئىش. بولمىسا خەق بۇنى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈرۈپ ئېيت-تىپ يۈرمەيتتى» دەيدىغان. بۇ چۆچەك مۇنداق:

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى ئىكەن. قۇياش ئاسماندا پارلاپ ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى ئې-كىنزارلىققا چاچىدىكەن. تاڭ شامىلى دەل ـ دەرەخلەرنى سۆيۈپ ئۆتىدىكەن. قۇشلار ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ناخشا ئېيتسا، ھەسەل ھەرىلىرى چېچەكلىگەن قارا بۇغدايلارنىڭ ئارىسىدا غوڭۇلداپ ئۇچىدىكەن. شۇ كۈنى كى-شىلەر يەكشەنبىلىك كىيىملىرىنى كىيىشىپ چېركاۋغا ئىبادەتكە مېڭىپتۇ. كىرپىمۇ قاتاردىن قالماپتۇ.

كىرپە ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، تاڭ شامىلىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەن ھالدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا خوتۇنۇم بالى-نىڭ يۈزىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى كىيدۈرۈۋاتقان پۇرسەتتە ئېتىزلىققا بېرىپ تۇرۇپلىرىمنى كۆرۈپ كەلمەيمۇ، دېگەن

ئوي كەپتۇ. ئەسلىدە تۇرۇپلۇق ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېقىنلا يەر-
دە بولغاچقا، ئۇلار خالىغانچە بېرىپ ئەكېلىپ يەۋېرىدىكەن.
شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، بۇ تۇرۇپلۇق بارا-بارا ئۇلارغا
خۇددى ئۆزلىرىنىڭكىدەك تۇيۇلىدىغان بوپتۇ.

خىيالىغا كەلگەن ئىشنى چوقۇم قىلىش كېرەك. كىرپە
دەرۋازىسىنى يېپىپتۇ-دە، تۇرۇپلۇققا مېڭىپتۇ. ئۇ ئۆيىدە-
دىن ئانچە يىراقتا بولمىغان ئازغانلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈۋات-
قاندا ئۆزى بىلەن ئوخشاش مەقسەتتە چىققان ياۋا توشقانغا
ئۇچراپ قاپتۇ. ياۋا توشقانمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا يېسىۋىلەك-
لىرىنى كۆرۈپ كېلىشكە ماڭغانىكەن. كىرپە ياۋا توشقاننى
كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ. لېكىن، ياۋا
توشقان بەكمۇ هاكاۋۇر ئىكەن، ئۆزىنى كاتتا چاغلاپ هېچ-
كىمنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئۇ كىرپىنىڭ سالىمىنى ئىلىك
ئالمىغاننى ئاز دەپ، ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك سوراپتۇ:

— قاق سەهەردە ئېتىزلىقتا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— هاۋا يېگەچ ئايلىنىپ يۈردۈم، — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ كىرپە.

— هاۋا يېگەچ ئايلىنىپ يۈردۈم دەمسىنا؟ — دەپ
زاڭلىق قىپتۇ ياۋا توشقان ئۇنى، — مېنىڭچە، سەن پۇتلى-
رىڭنى مۇۋاپىقراق يەرگە ئىشلەتسەڭ بولارمىكىن!

بۇ گەپ كىرپىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ هەر-
قانداق گەپكە چىدايدىكەن، ئەمما پۇتلىرى توغرۇلۇق گەپ
بولسا پەقەت تۇرالمايدىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇتلىرى ئەسلى-



دىنلا مايماق ئىكەن.

— بەكمۇ چوڭچى ئىكەنسەن، — دەپتۇ كىرپە ئۇ-نىڭغا، — سېنىڭ پۇتلىرىڭ مېنىڭكىدىنمۇ چاققانمۇ؟

— ھەئە، مەن شۇنداق ئويلايمەن.

— سىناپ بېقىپ بىرنېمە دېيىشسەك بولارمىكىن، — دەپتۇ كىرپە، — ئىككىمىز يۈگۈرۈشۈپ باقايلى، باغلىشىد-مەنكى، چوقۇم سېنى يېڭەلەيمەن.

— كىشىنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ ئاشۇ

مايماق پۇتلىرىڭ بىلەن مېنى يېگىۋالماقچى بولۇۋاتىمەن دەمسىنا؟ مەيلى، سىناپ باقساق باقتۇق. بىراق نېمە تىلەكىڭىز بار؟

ـــ بىر تىللا ۋە لىپمۇلىق بىر بوتۇلكا براندى هارىقى.

ـــ ماقۇل ئەمىسە، مۇساپىقىنى هازىرلا باشلايلى.

ـــ ياقەي، ئۇنچە ئالدىراپ نېمە قىلىمىز، ـــ دەپتۇ كىرپە، ـــ مەن تېخى هېچنېمە يېمىدىم. ئۆيگە بېرىپ ناشتا قىلىپ كېلەي، يېرىم سائەتكىمۇ قالماي قايتىپ كېلىمەن.

ياۋا توشقاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن كىرپە ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. «ياۋا توشقان ئاشۇ ئۇزۇن پۇتلىرىغا ئىشىنىپ مېنى يېڭىۋالىمەن، دەپ كۆرەڭلەيدىغاندۇر، ـــ ئۆزىچە ئويلاپتۇ كىرپە، ـــ بىراق مەنمۇ بوش كەلمەيمەن، ئۇنى جەزمەن يېڭىمەن. گەرچە ئۇ يۇز ـ ئابرۇيلۇق تۆرە بولغىنى بىلەن ئۇچىغا چىققان هاماقەت، ئۇ چوقۇم يېڭىلىپ قالىدۇ.» ئۇ ئۆيىگە كىرىپتۇ ـ دە، خوتۇنىغا:

ـــ خوتۇن، كىيىمىڭنى تېزرەك كىيگىن، مەن بىلەن بىللە ئېتىزلىققا بارىسەن، ـــ دەپتۇ.

ـــ نېمە ئىش ئۇ شۇنچە ئالدىراش؟ ـــ دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

ـــ ياۋا توشقان بىلەن يۈگۈرۈشىدىغان بولدۇق. بىر تىللا بىلەن بىر بوتۇلكا براندى هارىقى تىكىشتۇق. بۇنىڭغا سەنمۇ قاتنىشىسەن.

ـــ توۋا، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ ـــ دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ خوتۇنى، ـــ ياۋا توشقان بىلەن يۈگۈرۈشىمەن دەيسىزا،

يۈرىكىڭىزنى قاپتەك قىلىپ.

— تولا گەپ قىلماي كىيىمىڭنى كىيىپ ئارقامدىن ماڭ. بۇ مېنىڭ ئىشىم، سەن باش قاتۇرمىساڭمۇ بولىدۇ.

خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا ھەددىمۇ؟ ئۇ نائىلاج ئېرىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

يولدا كېتىپ بېرىپ كىرپە خوتۇنىغا:

— گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىپ يادىڭدا تۇت. ئاۋۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېتىزلىقنى كۆردۈڭمۇ؟ بىز ئاشۇ ئېتىزلىقتا بەسلىشىمىز. ياۋا توشقان بىر قوش ئىزدىنى، مەن بىر قوش ئىزنى بويلاپ يۈگۈرۈشىمىز. سېنى تاماشا كۆرسۇن دەپ ئەكەلمىدىم. سەن مەن يۈگۈرىدىغان قوش ئىزنىڭ ئۇ بېشىدا ساقلاپ تۇرىسەن، ياۋا توشقان ئۆزىنىڭ قوش ئىزنى بويلاپ يۈگۈرۈپ ئۇ باشقا بارغاندا، سەن ئۇنىڭغا قاراپ: «مەن سەندىن بۇرۇن يېتىپ كەلدىم» دەپ ۋارقىرايسەن، — دەپتۇ.

ئۇلار سۆزلەشكەچ مېڭىپ كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كەپتۇ. كىرپە خوتۇنىغا تۇرىدىغان يېرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۆزى ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ قارىسا، ياۋا توشقان ئاللىقاچان كېلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— باشلامدۇق؟ — سوراپتۇ ياۋا توشقان.

— باشلىساق باشلىدۇق ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىرپە.

ئۇلار ئۆزلىرىگە قاراشلىق قوش ئىزنىڭ ئۇدۇلىغا كې-



لىپ تۇرۇپتۇ.

— بىر، ئىككى، ئۈچ ! — دېيىش بىلەنلا، ياۋا توشقان قويۇندەك چېپىپ كېتىپتۇ.

كىرپە ئۈچ قەدەم يۈگۈرۈپ قويۇپتۇ ـ دە، قوش ئىزىدا يېتىۋېلىپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ.

ياۋا توشقان جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ پەللىگە يەتكەن ـ دە، كىرپىنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— مەن سەندىن بۇرۇن كېلىپ بولدۇم !

ياۋا توشقان هاڭ ـ تاڭ قاپتۇ. ئۇ بۇ كىرپىنىڭ باشقا



كىرپە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. چۈنكى، كىرپە بىلەن ئۈنىڭ خوتۇنىنى پەرق ئەتكىلى زادىلا بولمايدىكەن. «بۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىر سىر بار» دەپ ئويلاپتۇ ياۋا توشقان ۋە كىرپىگە قاراپ:

— ھېساب ئەمەس ! كەينىمىزگە قاراپ باشقىدىن يۈگۈرۈشەيلى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ قېتىم ياۋا توشقان قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقىنىچە قۇيۇندىنمۇ تېز يۈگۈرۈپتۇ. كىرپىنىڭ خوتۇنى جايىدىن قوزغالماپتۇ. ياۋا توشقان پەللىگە يېتىپ باراي دېگەندە، كىرپە:

— مەن سەندىن بۇرۇن كەلدىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ياۋا توشقان ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئەلەم بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— ھېساب ئەمەس! كەينىمىزگە قاراپ يەنە باشقىدىن يۈگۈرۈشەيلى!

— ماقۇل بەربىر، — دەپتۇ كىرپە، — قانچە قېتىم يۈگۈرۈشسەڭ يۈگۈرۈشۈۋېرىمەن.

ياۋا توشقان ئۇياندىن بۇيانغا يەتمىش ئۈچ قېتىم يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم ئېتىزنىڭ بېشىغا يېتىپ بېرىشىغىلا، كىرپە ياكى ئۇنىڭ خوتۇنى: «مەن سەندىن بۇرۇن كەلدىم» دەيدىكەن.

يەتمىش تۆتىنچى قېتىم يۈگۈرگەن چاغدا ياۋا توشقان ھالىدىن كېتىپ پەللىگە يېتىپ بارالماپتۇ. ئۇ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە يېتىپ قاپتۇ. كىرپە تىللا ۋە براندى ھارىقىنى ئۇتۇۋاپتۇ - دە، خوتۇنىنى قولتۇقلىغان پېتى خۇشال - خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇلار ئۆلۈپ كەتمىگەنلا بولسا ھازىرغىچە ھايات.

مانا بۇ بۇكستېخۇد دالىسىدا كىرپىنىڭ ياۋا توشقان بىلەن بەسلىشىپ ئۇنى يەڭگەنلىكى ھەققىدىكى چۆچەك. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇكستېخۇد دالىسىدىكى ياۋا توشقانلار كىرپىلەر بىلەن بەسلىشىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بۇ چۆچەك بىزگە مۇنداق ساۋاق بېرىدۇ: بىرىنچىدىن، ئادەم ھەرقانچە ئەرشئەلاغا چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ




ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنى، بولۇپمۇ «كىرپە»[1] لەرنى مازاق قىلماسلىقى كېرەك. ئىككىنچىدىن، كىمدەكىم توي قىلسا، چىراي - شەكلى ئۆزىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەم بىلەن توي قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، كىمكى كىرپە ئىكەن، ئۆزىگە ئوخشاش كىرپىدىن بىرنى جورا قىلىپ تاللىشى كېرەك.

① كىرپە — نېمىسچىدا پاسكىنا، كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئادەم دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ.

[General Information]
书名=格林童话选 4  维吾尔文
SS号=40250840